ئەينى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئەخلاقى، سەممىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتقان، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ، ھۆرمەتلىگەن ئۇستازىدىن ئايرىلىپ، خۇددى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىدىن ئايرىلغاندەك تولىمۇ بىئارام بولدى.

كېچىلىرى يىغلاپ تۇرۇپ، مېھرىبان ئاللاھتىن ئۇستازىنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى سورىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن: «ئى ئاللاھ! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن. باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن» دەپ دۇئا قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇنىڭ قەلبىگە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» جامائىتىدە قېلىپ خىزمەت قىلىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭ قەدەملىرىنى ئىززەت ماكانلىرىدا ھازىرغىچە سابىت قىلدى. ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن جامائەت ئىچىدىكى قابىلىيەتلىك ۋە تالانتلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىنىڭ جامائەتتىن چىقىپ كېتىشى بىلەن جامائەتنىڭ يۈكى نىسبەتەن ئېغىرلىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە، چوڭ كۆلەملىك، قاتتىق جەڭلەر بولۇپ كەتتى.

ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئەنە ئاشۇ جەڭلەردە زاھىد قوماندان ۋە سىددىق ئۇستازىلارنىڭ ئۆزى باشلامچى بولۇپ، جەڭگاھلاردا سابىت تۇرۇشى ۋە ئەسكىرىي قېرىنداشلارنىڭ خۇددى بىنا كەبى مۇستەھكەم

تۇرۇشى نەتىجىسىدە، جامائەت ئەڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سالامەت ئۆتۈۋالدى.

ئەينى ۋاقىت جامائەت توغرىلىق ھەرخىل پىتنىلەر يامراۋاتقان بىر مەزگىللەر ئىدى. ئۇ ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» جامائىتىدە يەنە بىر خەيرلىكنىڭ بارلىقىنى ئۆز قەلبىدە جەزملەشتۈردى.

توغرا، جامائەتنى ئاپپاق، خاتاسىز دېمەيمىز. چۈنكى، ئىنسان بار يەردە خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەقلى بار ئىنسان بۇ ئىشلارنى ياخشى تەپەككۇر قىلىپ باقسا بولىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەرگە قارايدىغان بولساق 25 يىلنىڭ ئالدىدا، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا «لەببەيك! يائاللاھ» دەپ ئاۋاز قوشقان، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى غايە قىلغان، مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ - زارىغا چىن قەلبلىرى بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئىسلامىي ھۆرلۈككە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلگەن، نىجادلىق يولىنى پەقەت ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن يولدىن ئىزدىگەن ھەسەن مەخسۇم رەھىمەھۇللاھ باشچىلىقىدىكى ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز نۇرغۇن جەبرى - جاپالاردا تەۋھىد ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئەقىدىسى ئاساسىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى قۇرۇپ چىقتى.

يىللار مابەينىدە جامائەت قانچىلىغان بوران - چاپقۇنلار، قار - شىۋىرغانلار، يۈرەكنى ئېزىپ، دىلنى غەمكىن قىلىدىغان پىتنە - پاساتلار، تۈرلۈك ئىمتىھان - سىناقلارغا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بوي ئەگمەي، توغرا مەنھەج ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇ ھەق يولدا ئىزچىل داۋام ئەتمەكتە. شەيخۇل

ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ:«<فىرقەتۇن ناجىيە>، يەنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچى گۇرۇھلار بەرىكەتلىك زېمىن شامدا بولىدۇ» دېگەن.

تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، شام زېمىنىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى، جامائەتتىن ئۇنى ئىلغىماستىكى قېرىنداشلارغا (يەنى جەڭگە ئەڭ ئالدى بىلەن كىرىدىغان ئالاھىدە قوشۇن ئەزالىرىغا) مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىشى بولدى.

ئەلۋەتتە ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇلارغا مەسئۇل بولغانلىقىدىن، ئاتالمىش بىرەر مەنسەپكە ئېرىشكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئەشۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن يېقىندىن ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا ئىمانلىشىپ، ھەمسۆھبەتتە بولالىغانلىقىدىن ئىدى.

بۇ ماقارغا كىرىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس بولۇپ، قېرىنداشلىرىمىز قايتا - قايتا جامائەت مەسئۇللىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، تەستىقلانغاندىن كېيىنلا كىرەلەيتتى.

ماقارنىڭ شارائىتى ئاددىي، خىزمەتلىرى جاپالىق بولسىمۇ، ئەمما قېرىنداشلار تولىمۇ شۇكۇر - قانائەتچان بولۇپ، ئۆزئارا مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈمچانلىقىدىن قەلبلەر لەرزىگە كېلەتتى. ئۇلار تەقۋالىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۆزئارا ئىمانلىشىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. كېچىلىرى ھەممىسى دېگۈدەك قىيام ۋە سەجدىلەردە، رەببىگە يېلىنىپ يالۋۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە تولىمۇ گۈزەل مۇئامىلىلەردە بولۇپ، ھاجەتلىرىدىن چىقىشاتتى. ئەمىر -

مەسئۇللارغا شۇنچىلىك ئىتائەتمەن ۋە خىزمەت ئاكتىپلىقى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى.ئۇلار ئۇممەت غېمىدە گويا ئائىلىلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بىرەر ئاي ئۆيىگە قايتالمىسىمۇ گۈزەل رەۋىشتە سەبىر قىلاتتى. ماقارغا يىغىلىدىغان كۈنلەردىمۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ بولاتتى.

مانا بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر گوياكى بۇ ماقارنى سالىھلار گۈلزارلىقىغا ئايلاندۇرغان بولۇپ، بۇ يېڭى مەسئۇلنىڭ قەلبى بۇلاردىن تەسىرلەنگىنىدىن ئېرىپ كېتەتتى.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ئەرنىڭ كەينىدە ئۇنى قوللايدىغان، پىداكار بىرئايال بولىدۇ. بىز بۇيەردە ئەرلىرىنىڭ قوللىغۇچىسى، سەممىي ياردەمچىسى بولغان ھىممەتلىك ئايال ھەمشىرىلىرىمىزنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى جىھاد مەيدانىنىڭ نامسىز قەھرىمانلىرى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز، ئىنشائاللاھ!

جىھادنىڭ يۈكى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئەرلىرىنىڭ يۈكلىرىنى تەڭ كۆتۈرگەن، يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلغان، ھەق - ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئالالمىغاندا زارلانماي ئەجىر كۈتكەن، بېغىشلاشتىن لەززەت تاپقان، قانائەت بىلەن بايلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەن، شۈكۈر بىلەن يېڭى نېمەتلەرنى چىللىغان، يوقاتقىنىدا تېخىمۇ ياخشىسىنى رەببىنىڭ تولۇقلاپ بېرىدىغىنىغا ئىشەنگەن، غەم - قايغۇلىرىنى مەرد ئوغلان كەبى كۈچ - قۇۋۋەتكە، سېغىنىش ئوتلىرىنى قىساسنىڭ كۈچلۈك يالقۇنىغا ئايلاندۇرغان، پەرزەنتلىرىنى ئامانەت دەپ بىلگەن، ئۇلارنى يالغۇز ئۆزىنىڭ بالىسى دەپلا تونۇماي، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بەختى ئۈچۈن بېغىشلاشقا

ئاتاپ قويغان، شەرمى- هايالىرى ۋە ھىجابلىرى بىلەن گوياكى سەدەپ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك جۇلالانغان، ھەقىقىي ئىلىم ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قۇلچىلىق يولىدا نەپسىنىڭ قۇرۇق ئارزۇلىرى ۋە دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماتالىرىنىڭ قۇللىقىدىن قېچىپ، ئەبەدىي جەننەتنىڭ تۆگمەيدىغان، يوقاپ كەتمەيدىغان نازۇ نېمەتلىرىگە كۆز تىككەن، ئاخىرەت ھاياتىدىن ئىبارەت ھەقىقىي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا چىن مەنىسى بىلەن ئىمان ئېيتقان، پەقەت رەببىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرغان بۇ غەيرەتلىك، ھىممەتلىك، سەبىرچان، ئىمانلىق مۇجاھىدە ئايالالار نېمە دېگەن بەختلىك ھە! ئۇلار نېمە دېگەن كاتتا نېمەت ھە!

مۇجاھىدلارمۇ نورمال ئىنسانلار بولغاچقا، قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە موھتاج. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان ئائىلىسى تەرەپتىن ئۇنى چۈشىنىشى ۋە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە تولىمۇ ئېھتىياجلىقتۇر.

شۇنداق، ئاشۇ كۆنلەرنى قايتا بىر ئەسلەيدىغان بولساق، ئايال ھەمشىرىلەر تولىمۇ سەبىرچان بولۇپ، ئەرلىرى خىزمەت تۈپەيلىدىن بىر - ئىككى ئاي ئائىلىسىگە قايتالمىسىمۇ ھەرگىز قاقشىمايتتى، ئەرلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى، قانائەتچان ئىدى. چۈنكى، جىھاد ئىبادىتىنىڭ يۈكلىرىنى يالغۇز ئەرلا كۆتۈرمەستىن، ئايالمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، خۇددى ئابدۇللا ئەززام رەھمەھۇللاھنىڭ ئايالىغا ئوخشاش ئەرگە ھەرجەھەتتە ياردەم بەرسە، ئېغىرىنى يەڭگىللەتسە، ئېرىنى چۈشەنسە، ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىق تۈپەيلى شىكايەت قىلمىسا، بار - يوققا

شۈكۈر قىلسا، قانائەتچان بولسا، ئاندىن ئەر بولغۇچى جىھاد ئىبادىتىنى خاتىرجەم، ئاللاھ رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ياخشى قىلالايدۇ.

مۇجاھىدلارنى ئائىلىدىن خاتىرجەم قىلىش تەقۋا، سەبىرچان، ھىممەتلىك، غەيرەتلىك، جەسۇر، ئىتائەتچان سالىھە ئاياللارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

مۇجاھىدە ھەمشىرىلىرىمىز ۋەتەندىكى ۋاقىتلىرىدا: «ئى ئاللاھ! مېنى مۇجاھىدلار يېنىغا يەتكۈزگىن، مېنى مۇجاھىدىنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى نېسىپ قىلغىن!» دەپ ئاللاھتىن يىغلاپ تۇرۇپ قايتا - قايتا تىلىگەنىدى.

ئاللاھ تەئالا بۈگۈنكى كۈندە مۇجاھىدە ئاياللارنى شۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزگەن ۋاقىتلىرىدا، ئاللاھقا جايىنامازدا يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلسا بولامدۇ؟ ئاللاھ بەندىلەرنىڭ بارلىق ئاشكارا ئىشلىرىنى ۋە يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق! مۇجاھىدە ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ يارىلىنىپ، توققۇز يىلنىڭ ياقى بېشىدىن باشقا ئەزاسى ئىشلىمەيدىغان مۇجاھىد ئېرىنى كىچىك بالىنى ئاسراپ باققاندەك بېقىپ، ئىتائەت قىلىپ، چوڭ - كىچىك تاھارەتلىرىنى ئېرىنمەستىن ۋە سەسكەنمەستىن تۆكۈپ، مىننەت قىلماستىن، ئېغىر ئەھۋالدىن شىكايەت قىلماستىن، ۋايسىماستىن، چىن يۈرىكىدىن كۆيۈنۈپ ۋە سۆيۈنۈپ بېقىۋاتقان، ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش بىلەن قەلبى لەززەتلىنىۋاتقان، بۇنى ئۆزى ئۈچۈن بىر پۇرسەت دەپ بىلگەن، ئەھدىلىرىگە ئاداقىچە ۋاپا قىلىش يولىدا مېھرىبان رەببىنىڭ ياردىمى بىلەن تىرىشچانلىق

كۆرستىۋاتقان، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئاڭلىق، تىرىشچان، ئىخلاسمەنلەر بار. ئەنە شۇچاغلاردا ئاتا - ئانىلار بويتاق باللىرىنى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا شۇنچىلىك چىرايلىق تەربىيە بىلەن ئەۋەتەتتى. ئوغۇللىرىنى نەچچە ئاي كۆرمىسىمۇ «بالام ئاللاھ يولىدا» دەپ خاتىرجەم ئولتۇراتتى. قېرىنداشلار خۇشاللىقلىرى ۋە غەم - قايغۇلىرىغا ئورتاقلىشىپ ياشايتتى.

ئۇ ۋاقىتلاردا قەلبلەر ئىمانىي لەززەت ۋە راھەتلەر بىلەن توشقان ئىدى. ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشەتتى. بىر ئادەمنىڭ كېلىپ ئىشقا بۇيرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلار تولىمۇ گۈزەل ئىدى. قېرىنداشلىرىمىز بىرەر ئىش نەپسىگە ياقمىسىمۇ ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلاتتى. ھېلىھەم قەدرىگە يېتىشىمىز كېرەك بولغان نۇرغۇن نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېتىمىز، ئەلھەمدۇلىللاھ.

ئەلۋەتتە، ئەنە ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ ۋە بۈگۈنكىدىنمۇ گۈزەل كۈنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمىز...

ئىنساننىڭ ھاياتىدا مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان، ھايات بەتلىرىنىڭ گۈزەل سەھىپىلىرىگە نەقىش بولۇپ يېزىلغان، قەلبلىرى راھەتلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئەڭ خۇشاللىق ۋاقىتلىرى ۋە قەلبلىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تارىلىرىنى ئۈزۈۋەتكەن دەرد - ئەلەملىك ۋاقىتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ خۇشاللىق ۋاقىتلىرى بولسا ئىلغىماستىكى بۇ پىدائى قېرىنداشلار بىلەن بىرگە مەشىق قىلىش، ئىمانىي جەھەتتە ھەمسۆھبەتتە بولۇش بىلەن ئۆتكەن، ئۇ دائىما پەخىرلىنىش ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن كۆپ ئەسلەيدىغان ۋاقىتلار ئىدى.

ئۇ پەرىشتە سۈپەت بۇ قېرىنداشلىرنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە مەسئۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر ئىلغىماس مۇجاھىد سۈپىتىدە قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ بولسىمۇ، بۇرۇنراق كەلمىگىنىگە كۆپ ئۆكۈنگەن ئىدى.

مۇئەسكەرلىك تولىمۇ جاپالىق بولغاچقا، قېرىنداشلارنىڭ بەزىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ۋە سەككىز قېرىندىشى مۇئەسكەر ئاياغلىشىپ بولغۇچە مۇستەھكەم تۇردى.

ئۇنىڭ ھايات بەتلىرىگە يەنە بىر نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشىغا، ۋۇجۇدىدىكى ھىممەتنىڭ ئېشىشىغا، قەلبلىرىدىدىكى غايە - ئىستەكلىرىنىڭ تېخىمۇ يالقۇنلىشىغا تۈرتكە بولغان، تاقەتلىرنى يەنىمۇ ئايىماي چىقىرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئاجايىپ گۈزەل بىر ھېكايە بار.

ئەي ۋەتىنىنى سېغىنغان، ۋەتەنىنىڭ تۇتىيا تۇپرىقىغا دەسسەپ، ئۇنى كۆزلىرىگە سۈرتۈشنى، شۇنداقلا ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، قانغىچە يىغلىشىپلىشنى كېچە - كۈندۈز خىيال قىلىشۋاتقان، مۇساپىرلىق ۋە غېرىبلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كېتىشۋاتقانقان بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! بىز بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقان، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىشقا بەل باغلىغان، ۋەتەن جىھادى ئۈچۈن جاپالىق تەييارلىقلاردا بولۇۋاتقان، بۇ يولدا جەڭ - تاكتىكا بىلىملىرنى كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە

ئۆگىتىپ، ئۇممەتنىڭ بىر شاخچىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گۈزەل ھېكايىسىگە ۋە يۈرەكلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قەلب سۆزلىرىگە بىرلىكتە جۆر بولايلىكى، بىزنىڭمۇ قەلب يارلىرىمىزغا مەلھەم بولىدىغان بىر شىپا چىقىپ قالار!

ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «چوڭقۇر خىياللار قايىنىمىدا، پىكىرلىرىمگە ئەسىر بولۇپ، ئالدىمدىكى سەپ - سەپ تىزىلىپ كەلگەن ماشىنا چىراغلىرىغا نەزەر سالغاچ كېتىپ باراتتىم. توساتتىن، يول بويىغا جايلاشقان پۇتبول مەيدانىدىكى كۆرۈنۈش دىققىتىمنى تارتىپ، تەپەككۇرۇمنى يېڭى بىر يۆلىنىشكە بۇراپ قويدى.

ئەلۋەتتە، مېنى جەلپ قىلغىنى كۆركەم مەيدان بولماستىن، بەلكى مەيدان ئۈستىدە جەسۇرانە تۇرغان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلىق قىلىپ تۇرغىنى ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى پاكىز، رەتلىك كىيىۋالغان كىيىم - كېچىكى بولماستىن بەلكى قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان ھاسىلىرى ئىدى.

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتمۈش كارتىنىلىرىم تېز سۈرئەتتە ۋاراقلىنىپ، بىر يېرىم يىل ئالدىدا ھەرقايسى ئەسكىرىي بۆلۈملەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدىكى ھاياجانلىق مىنۇتلار كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇكۈنى ھەممىمىز توپچىلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتۇق. شۇ پەيتتە كۆز ئالدىمىزدا شۇنداق بىر پۇتبول ماھىرلىرى پەيدا بولدىكى، بىز كۆزلىرىمىزگە ئىشەنمەيلا قالدۇق. مەيدانغا رەتلىك تىزىلىپ

چىقىۋاتقىنى ئادەتتىكى مۇسابىقە ماھىرلىرى بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ ھۆرمەتلىك بولغان، ئاللاھ يولىدىكى جىھادنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان پۇتلىرىدىن ئايرىلغان، قولتۇقلىرىدا قوش ھاسىسىنى قىسىشقان باتۇر مۇجاھىد ماھىرلار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك بىر پۇتى يوق بولۇپ، تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى ۋارتاچى قېرىنداشىمىزنىڭ بىر قولى يوق ئىدى. قېرىنداشلارنىڭ شىجائىتى تولىمۇ ئۈستۈن بولۇپ، چۈشكۈنلۈكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىغان ئالاھىدە ماھارەتلىرىدىن كۆزلىرىمىز ئېچىلىپلا قالدى.

بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇلاردىن ئىلھام، مەنىۋى ئوزۇق ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئالماي، ئۇلارنىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە، گۈزەل سەبرىگە، ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە!

ھەركىمنىڭ ھەرخىل تەسىراتلار بىلەن قايتقىنى ئېنىق! ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەر قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولۇپ، ئىختىيارسىز ئۆزۈم ھەققىدە، توغرىسىنى ئېيتسام رەببىمنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرى ۋە ئىمكانىيەتلىرى ھەققىدە قايتىدىن ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدىم.

ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىلا بولماستىن، شۇ مەيداندىكى بارچە مۇجاھىدلارغا، بەلكى ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىنداشىمىزغا

قىلىنغان جانلىق خىتاب ۋە يارقىن دەۋەت ئىدى. شۇنىڭدەك دىنلىرى دەپسەندە بولۇۋاتقان، قۇرئانلىرى كۆيدۈرۈلۈۋاتقان، مەسجىدلىرى رېستورانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا جەڭ ئاچقان ھەدە - سىڭىللىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان، يۇرتلىرى تالان - تاراج قىلىنىشقا ئۇچراۋاتقان، ئوماق پەرزەنتلىرىگە قاتتىق زۇلۇم قىلىنىپ، دىنى ۋە مىللىتى ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق كۈندە، ئۆز كۈچىنى دىن ئۈچۈن سەرپ قىلىشتىن ئاجىز كېلىۋاتقان، روھى چۈشكۈن، ئىرادىسىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئۈممەت ئەركەكلىرى ئۈچۈن يارقىن ئۆرنەك ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بېرىشكە قارىماي ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، جىھادلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئۈممەت قەھرىمانلىرىنىڭ ۋە دىن قورغانلىرىنىڭ تېخى تىرىك ئىكەنلىكىنى روشەن نامايەندە قىلىپ تۇراتتى.

يۇقىرىقىلارنى ئەسلىگەچ، خىياللىرىم توساتتىنلا غەززەگە ئاغدى.

ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى، پەلەستىندىكى ئىنقىلابقا ۋە بۈگۈنكى ھاماس تەشكىلاتىغا ئاساس سالغۇچى ئەھمەد ياسىن رەھىمەھۇللاھنى ئەسلىدىم.

ئۇ كىشىمۇ توققۇز ياش ۋاقتىدا ئومۇرتقا نېرىپى ياردار بولۇش سەۋەبى بىلەن پالەچ بولۇپ قېلىپ، چاقلىق ئورۇندۇققا مەھكۇم بولۇشقا قارىماستىن، يۈكسەك ئىرادىلەر بىلەن شۇ رايوندا مۇجاھىدلارنىڭ پېشىۋاسىغا ئايلاندى.

2023 - يىلى 7 - ئۆكتەبىر كۈنى ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئەقسا توپانى» ھەرىكىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، قەسسام بىرىگادىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان سىرلىق شەخس مۇھەممەد دەيف ھەفزۇللاھمۇ بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئىسرائىلىيەنىڭ ئۇچقۇچىسىز جاسۇسلۇق ئايروپىلانىنىڭ زەربىسىدە بىر قولىدىن، بىر پۇتىدىن ۋە بىر كۆزىدىن ئايرىلغان بولۇشىغا قارىماستىن، دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانىغا ئايلاندى.

جەستىگە يەتكەن بۇ مۇسىبەتلەر ئۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتسا چىڭىتتىكى، بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. شۇ ھالەتكە قارىماستىن ئەھمەد ياسىن رەھىمەھۇللاھ ۋە مۇھەممەد دەيف (ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆزى ئاسرىسۇن) پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمسىز، زومىگەر، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئىسرائىلىيە كۈچلىرىگە قارشى قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. دۇنياغا ھەقىقى پىداكارلىقنىڭ ۋە ھىممەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى جاكارلاۋاتىدۇ.

بۇلارنى ئويلىغىنىمدا، خۇسۇسەن مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمنى ئەسلىگىنىمدە خىجالەت تۇيغۇسىغا چۆممەن. «مەن زادى نېمىلەرنى قىلالىدىم؟» دېگەن سوئال روھىمنى چىرماشقا باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت بۇ مۇجاھىد قېرىندىشىمىزلا ئەمەس، ھەر بىرىمىز ئويلىنىشقا ۋە سەممىي جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئالدۇر.

قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، ئويلاپ باقايلى!

ئۈممەت، ۋەتەن، مىللەت، دىن دەۋاسىدا راستچىل بىر ئىنسان، قانداقمۇ غەمسىز، بىپەرۋا يۈرەلىسۇن؟ دۈشمەنگە قارشى تەييارلانماي،

كۆزلىرىگە قانداقمۇ راھەت ئۇيقۇ كەلسۇن! قانداقمۇ ئۆز ھاياتى خاتىرجەم بولغىنى ئۈچۈن قان - ياشلىق كۆزلەرنى ئۇنتۇتسۇن؟ قانداقمۇ ئاللاھ ياخشى كۆرگەنگە مۇھەببەت باغلىماي، ئاللاھ بۇيرۇغاننى جان - دىل بىلەن بەجا كەلتۈرمەي ياشىيالىسۇن؟!

شۇنداق، مۇجاھىدلار زېمىن ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى بولغاچقا، ئاللاھ ياخشى كۆرگەن كىشىنى ۋە نەرسىنى ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرگەن كىشىنى ۋە نەرسىنى يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە كۆرۈلۈشكە، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە، ئىززەت قىلىش ۋە ئىززەتلىنىشكە، ھۆرمەت قىلىش ۋە ھۆرمەتلىنىشكە لايىق كىشىلەردۇر.

مۇجاھىدلارنىڭ ئىسىل داچا - قەسىرلىرى بولمىغان بىلەن، خەندەك - غارلاردا، تىك قىيا، تاغ چوققىلىرىدا، قار - شىۋىرغانلىق سوغۇقلاردا، يامغۇرلۇق - پاتقاقلاردا ئىسلامنىڭ چېگرالىرىنى قوغدايدىغان ھىممىتى باردۇر.

ئۇلارنىڭ ئىسىل ماشىنىلىرى بولمىغان بىلەن جەڭ مەيدانلىرىدا تانكا-بىرونېۋىكلارنى چاپتۇرۇپ، قورالللىرىنى ئۆيىنىتىپ تۇرۇپ كاپىرلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئۇرىدىغان شىجائىتى، ئۆلۈمدىن قورقماس پىداكارلىقى باردۇر.

ئۇلارنىڭ پۇلى بولمىغان بىلەن قانائەتچان يۈرەكلىرى، دۇنيىغا بولغان سەممىيلىكى، جەننەتكە ئاشىق قەلبلىرى باردۇر.

ئەھلى - باللىرىغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمىگەن بىلەن كېچە - كۈندۈز ئۈممەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان غەمناك قەلبى، ياشلىق كۆزى، شۇنداقلا زالىمنىڭ زۇلۇمىغا قارشى جاسارىتى باردۇر.

ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان قېرىنداشلارنىڭ تاكتىكا مۇئەسكەرلىكتە سابىت تۇرۇشى كېيىنكى جەڭلەردە نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت بەدەلسىز بولمىغىنىدەك، مۇئمىنىنىڭ ھاياتى سىناق - ئىمتىھانسىز بولمايدۇ. ئۇ جەڭ جەريانىدا ئۈچ قېتىم يارىلىنىپ، بىر مەزگىل جاپا چەككەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن ساقىيىپ ئەسلىگە كەلدى. ئاللاھنىڭ فەزلى بىلەن مۇجاھىدلار زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، كۆپلىگەن رايونلار فەتىھ قىلىندى. تاكتىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە جامائەت مەسئۇللىرى ئۇنى تاكتىكا مۇئەسكەر ئۇستازى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ ئۆزىگە يۈكلەنگەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، چارچىغىنىغا قارىماستىن كۆپ تىرىشتى. ھەقىقەتەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەتىجىلەر كەينىدە، دىلنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان نۇرغۇن جەبىر - جاپالار باردۇر. پەقەت رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن مۇخلىسلارلا بۇ بەدەللەردىن چىن لەززەت ئالىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئوقۇغۇچىسى ئەبۇ يۇسۇپكە: «سەن دۆت بولساڭمۇ، ئوقۇشۇڭنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرساڭ ۋە تىرىشساڭ نەتىجە قازىنالايسەن دېگەن.»

دېمەك، ئۇ جەڭ بىلىملىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە بوشىشىپ قالماستىن، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئۇنىڭ نەتىجىسى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ نەتىجىسىدۇر! جامائەتنىڭ نەتىجىسى پۈتكۈل ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ ئىزچىل تۈردە جامائەتتىن مەسئۇللىرىدىن مۇئەسسەر ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇردى. بىلىدىغانلىرىغا سەل قارىمىدى، بىلمەيدىغانلىرىنى ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمىدى. 99 نى بىلىپ بىرنى بىلمىسە، مۇئەسسەر ئۇستازىلارنىڭ ئەخلاقى، دەرس ئۆتۈش مېتودلىرىنى ئۆگىنىش ئىستىكىدە، جامائەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشى بىلەن مۇئەسسەر مەكتەپلىرىگە بېرىپ، ئەسكىرىي قېرىنداشلارنى زىيارەت قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق تەرەپلەر ئارقىلىق جەڭ بىلىملىرى سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجە يۇقىرى كۆتۈردى.

ئەسكىرىي بىلىملەرنى كەمتەرلىك ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ مېڭىۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك مۇجاھىد ئەسكىرىي بىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرچە كىتابلار يوق دېيەرلىك بولۇشىغا قارىماي، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باشقا تىلدىن تەرجىمە قىلىپ تۇرۇپ ئۆگەندى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىگە بېرىلدى ۋە جامائەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئائىلىسىگە ئانچە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى بۇنىڭغا كۆپ سەبىر قىلدى.

مانا شۇ تاپتا قولىمىزدا تۇرغان «تاكتىكا بىلىملىرىدىن ئاساسلار» ناملىق 200 بەتلىك بۇ كىتاب ئۇنىڭ مېھنەت تەرىدىن ئېچىلغان خۇشبۇراق گۈللەردىن بىر دەستىدۇر. سەممىي قەلبىدىن سىز بىزلەرگە سۇنۇلغان قىممەتلىك ھەدىيە ۋە كەلگۈسى ئۈممەتكە قالدۇرىدىغان ئېسىل مىراستۇر.

## خاتىمە

## چىن قەلبتىن ياڭرىغان نىدالار

ئاللاھنىڭ فەزلى بىلەن، ئۇنىڭ ئارزۇغا تولغان قەلبى، ھەق يولدا جاسارەت بىلەن باشلامچى بولۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قەدەملىرى بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلماقچى بولغان مۇراجىئەتلىرى ۋە سەممىي قەلبلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى ھەم باردۇر.

قېنى ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ قەلب سادالىرىغا قۇلاق سالايلى!

مېنىڭچە ئىشنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆزىنىڭ رەببى ئالدىدىكى ۋە مەزلۇم خەلقى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك!

ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، ئەسلى يارىتىلىش مەقسىتىنى ۋە مەسئۇلىيىتى تونۇپ يەتكەندە، ئۇنىڭ

پىكىرلىرى، قىلمىشلىرى، ئىبادەتلىرى، پىلانلىرى ۋە بارچە ئەمەللىرى ئەنە ئاشۇ غايە، مەقسەت ۋە مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، مەقسەت-نىشانلىرىنى ياخشى تونۇغان ۋاقىتتا، ئۆز ۋۇجۇدىدا مەنئۇى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا بولىدۇ - دە، بۇ ئۇنىڭ ئۆز يولىدا توختىماي ھەرىكەتلىنىشىگە زور تۈرتكە بولىدۇ. بۇ كۈچ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەزلۇم خەلقنى زالىم كاپىرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇلار رەببىنىڭ قۇرئان كەرىم نىسا سۈرىسىدە بىزلەرگە خىتابەن: {(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى رەببىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر؟!} دېگەن سوئالىغا راستچىل قەلب ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن جاۋاب ھازىرلايدۇ ۋە بوشاڭلىق قىلىپ، رەببىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن قورقىدۇ.

يەنە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ:«مۇئمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلارغا شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى

ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر} دېگەن ھەق ۋەدىلىرىدىن خۇش بېشارەت ئالدۇ، بۇيرۇقلىرىغا بىجاندىللىق بىلەن بويسۇندۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ سېپىدىن چۈشۈپ قىلىپ مەڭگۈلۈك ئازابقا قېلىشتىن قورقىدۇ.

مۇتلەق غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى رەببىنى تونۇغانلىقتىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، بوشاشمايدۇ ۋە ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان ۋەزنىنى چۈشىنىپ، داۋاملىق سەبىر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئىككىنچى بىر مۇھىم تەرەپ بولسا بۇرمىلانمىغان، سۈزۈك، بىدئەتتىن، مۇرجىئىيلىقتىن (مۇرجىئىيلىق ـ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئېتىقادىغا زىت ھالدا، «ئەمەل ئىماندىن ئەمەس، ئىمان كۆچەيمەيدۇ ۋە ئاجىزلىمايدۇ» دەپ قارايدىغان ئازغۇن ئەقىدە، ت)، خاۋارىجلىقتىن خالىي بولغان، دۇنيا مىقياسىدا كۆندىن كۆنگە ئازلاپ كېتىۋاتقان، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئەقىدىسىگە قايتىش ۋە بۇ توغرا مەنھەج ئاساسىدا بىرلىشىشتۇر.

غەززەدىكى ئۇرۇش شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئەگەر خەلق مۇجاھىدلار بىلەن ئىتتىپاقلىشالمايدىكەن، بىر سەپتە تۇرالمايدىكەن، كاپىرلار بۇ تەرەپتىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا مۇجاھىدلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپلا قالماي، مۇسۇلمانلارمۇ توغرا ئەقىدىدە سابىت تۇرۇشتىن ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتى ئاجىز كېلىپ قالدۇ.

بۇ خىل رېئاللىقنى غەززە ۋە شام جىھادى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قارايدىغان بولساق، ھازىر دۇنيادا ھەرخىل بىرلىشىشلەر بولۇۋاتىدۇ. مەنپەئەت ئۈستىدە بىرلىشىدىغانلار بار، سىياسىي جەھەتتە بىرلىشىدىغانلار بار، قەۋمىيەتچىلىك ئۈستىدە بىرلىشىدىغانلار بار.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم بۇ تۇردىكى بىرلىشىش ئەمەس، بەلكى، قۇرئان - سۈننەتنىڭ ئاساسلىق نېگىزى بولغان، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىرلىشىش ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئادا - جۇدا بولۇشتۇر ۋە شۇ ئاساستا ھەمكارلىشىشتۇر.

چۈنكى، مۇسۇلمان خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىلى1000 يىلدىن ئارتۇقراق بولدى. تارىختىن بۇيان دىندىن يېنىۋالغانلار، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى بەدىلىگە كاپىرنىڭ پايدىسىغا ئىشلەيدىغانلار ھەر زامان چىقىپ تۇردى. ئەمما، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، ئىسلامىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، قۇرئاننى قانۇن قىلغان كۈندىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسلام ئاساسىدا ماڭغان بىر خەلقتۇر.

خەلقىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر ساھە ئىختىساس ئىگىلىرى بار. ئەھلى ئىلىملەر، دوكتور - ماگىستىرلار، جۇملىدىن زىيالىيلار ئارىسىدا جەمئىيەتشۇناس، تارىخشۇناس، فىزىكا - خىمىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار، پروفېسسورلار بار. شۇنىڭدەك، راۋۇرۇس باي تىجارەتچىلەر، سىياسىيونلار، ھۈنەر - كەسىپ ئەھلىلىرىمۇ بار.

جىھاد مەيدانىغا قارايدىغان بولساق، شام زېمىنىنىڭ ھەربىي ئىنستىتۇتلىرىدا جەڭ بىلىملىرىنى ئۆگەنگەنلەر ۋە داۋاملىق جەڭ

بىلىملىرنى يېڭىلاپ، ئۆگىنىۋاتقان ۋە جەڭ ساھەسىدە يېتىشكەنلەر بار. ئەگەر بىز بىرلەشسەك، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن زور، مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس، كۈچلۈك بىر قوشۇن بولۇپ كېتەتتۇق.

خەلقىمىز ئىچىدە ئىقتىسادشۇناسلارمۇ يوق ئەمەس. جىھاد ئىبادىتى پەقەت قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇشۇشلا ئەمەس، بەلكى جىھادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇنلىغان ئامىللار بار. جىھاد ئىبادىتىنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادقا، مال - مۈلۈككە ۋە ھەر ساھەدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ.

جىھاد ئىبادىتىنى كاپىرلارغا بېقىنىپ قالماستىن، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئېلىپ بارىمىز دەيدىكەنمىز، بەزى ھەربىي سانائەتلەرنى ئۆزىمىز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، قورال - ياراغلارنى ئۆزىمىز ياسىشىمىز كېرەك بولىدۇ. مۇشۇ ساھەدە تەربىيەلەنگەن ئىنژېنېر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجىمىز بولىدۇ. جىھادنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرىمىز دېسەك، جىھاد مەيدانىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلارنى تەۋھىد بىلەن، شەرئىي ئىلىملەر ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ بار - بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان پەننىي ئىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك بولىدۇ.

دېمەك، بارلىق ساھەلەر بىرلەشكەندە، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھاد ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بىز شەرقىي تۈركىستانلىق خەلق ئۈچۈن دىن ئاساسىدا بىرلىشىش، بىر يىلتىز بولۇپ شەكىللىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

دېمەك، بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى مىساللار خۇسۇسەن غەززەدىكى ئۇرۇش پۈتكۈل دۇنيادىكى مەزلۇم خەلققە شۇنى تولىمۇ روشەن ھالەتتە يورۇتۇپ بەردى: ئەگەر خەلق مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپتە تۇرسا، دۈشمەنگە بولغان قارشىلىق ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. غەززە خەلقى ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچراپ، مۇھاسىرە ئىچىدە ياشاپ، يېمەكلىك، توك - سۇدىن مەھرۇم بولدى. 20 - 30 مىڭلاپ شېھىدلەرنى (ئىنشائاللاھ) بەردى. ئۆي - ماكانلىرىدىن، ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالەتتە يەرەك پارىلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇلار ئەڭ قىيىنچىلىق بولغان بىر شارائىتتا ياشاۋاتىدۇ. خەلق ئۆزىنى قوغداۋاتقان، ئىسلامنىڭ يۈرىكى بولغان مۇقەددەس قۇددۇسنى ۋەھشىي يەھۇدىيلارنىڭ نىجىس تاپانلىرى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىۋاتقان ئوغلانلىرى بولغان قەسسام مۇجاھىدلىرىنى بېشىدا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماختىسا ماختىدىكى، ھېچبىر كىشى چىقىپ، «بىز مۇشۇلار سەۋەبىدىن ئېغىر كۈنگە قېلىۋاتىمىز ياكى ئېچىنىشلىق بىر ھاياتنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز» دېمىدى. ئۇلار بەنى ئىسرائىلدىكى «بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبىدىن بىز مۇشۇنداق خارلىنىۋاتىمىز، مۇسا كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ خار ئىدۇق، كەلگەندىن كېيىنمۇ خارلاندۇق» دېگەن نادانلارغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلمىدى. غەززەدىكى رېئاللىق ئىنساننى تەسىرلەندۈرىدۇ، بۇ يەردە خەلق ئىزچىل تۈردە مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى. بومباردىمانلار سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان بىنالارنىڭ ئاستىدىن قېدىرىلىپ چىقىرىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن قانلار ئېقىۋاتقان، پۈتۈن بەدەنلىرى توپا - چاڭ بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن ھالەتلىرىدە، بىرىنچى قىلىپ ئېيتقىنى «ئەبۇ

ئۇبەيدە ساق بولسا بىز سالامەت، ئەبۇ ئۇبەيدە ياخشى بولسا بىز ياخشى» دېيىش بولدى. بەزىلىرى «مۇھەممەد دەيف سالامەت بولسا، بىز سالامەت، بىزدىن ئەنسىرىمەڭلار» دېدى. بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناپ روھ ھە! نېمە دېگەن تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ھە!

ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىرىمۇ (ئىنشائاللاھ شېھىد بولغانلىرىمۇ) قانچىلىغان ئۆلۈك قەلبلەرگە ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ئىززەتنىڭ نېمىلىكىنى، غەلىبىنىڭ سەۋەبىنى تونۇتۇپ قويۇپ كەتتى.

مۇشۇ دەقىقىدە خەلقىمىزمۇ شۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرگە شاھىت بولۇۋاتقان بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا مېنىڭ پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان خىتابىم شۇكى، ئەگەر مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن بىر سەپتە بولۇشتىن، ئۇلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇشتىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان جىھادىي كۈرەشلىرىگە بىۋاستە ھەسسە قوشۇشتىن، كۈچۈڭلارنى چىقىرىشتىن ئاجىز كەلگەن بولساڭلار، ھېچ بولمىسا ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشتىن ئاجىز كەلمەڭلار! پەقەت بولمىغاندىمۇ ئۇلار توغرىلىق چىققان تۆھمەتلەرگە رەددىيە قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلمەيسىلەر! ھېچ بولمىغاندا ئۇلار ھەققىدە سۈكۈتتە تۇرالايسىلەر! ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولمىغۇر سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىش، ئۇلارنى ھەرخىل سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىش ۋە يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان ھەرخىل پىتنىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شانلىق ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ، سۈكۈتتە تۇرۇش قولۇڭلاردىن كېلىدۇ.

ئەزىز خەلقىم! ئەگەر پات ئاردا ھەممە نەرسە يوقايدىغان دۇنيادىن ئايرىلسىپ، مەڭگۈلۈك دۇنياغا قايتىپ ھېساب بېرىدىغانلىقىڭلارنى،ئۇ يەردىكى جازا - مۇكاپاتنى ئويلىساڭلار، دىنىڭلارغا قايتىڭلار، ئۆزۈڭلارنى خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەزىزلىككە يەتكۈزىدىغان جىھاد ئىبادىتىگە قايتىڭلار!

ئەنە شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىكى مەزلۇم خەلقىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە زالىم كاپىرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، پاك تۇپرىقىمىزنى قولىمىزغا قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ ئالىي بولغانلىقىنى ۋە شەرىئەتنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، ئىنشائاللاھ.

بۈگۈن بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى رەزىل خىتاينىڭ سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلىرىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، خىتاي بىزگە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن ياندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كوممۇنىست ئېتىقادىغا ئىشەندۈرمىگۈچە ياكى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى يوقاتمىغۇچە، رەزىل نىيەتلىرىدىن ھەرگىز يانمايدۇ ۋە خەلققە ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىقنى ھەرگىز توختاتمايدۇ.

بىز ھېلىمۇ كۆپ كېچىكتۇق. ئەگەر بىز زالىمنىڭ زۇلمىنى توختىتىشتا ھېچ رولى بولمىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان جىھاد ئىبادىتىگە

يۈزلەنمسەك، زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراشقىمۇ ھالىمۇ قالمىغان ئەزىز خەلقىمىزنى زالىمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرىمىز دېگەن ئارزۇلىرىمىزغا يېتەلمەيمىز!

مۇجاھىد ئۇستاز ئابدۇللاھ ئەززام شۇنداق دەيدۇ: «ئەي مۇسۇلمانلار! جىھاد سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردۇر، جىھاد سىلەرنىڭ كۈچۈڭلاردۇر، سىلەرنىڭ كېلەچەكتىكى مەۋجۇدلۇقۇڭلار جىھادقا باغلانغان. ئاللاھنىڭ دىنى جىھادسىز، ئۇرۇشسىز، قان تۆكمەي ۋە تەنلەر پارچىلانمايمۇ غەلىبە قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلار خاتالاشقۇچىلاردۇر، بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىنى بىلەلمىگەنلەردۇر.»

مېھرىبان ئاللاھ بىزگە نىجادلىق يولنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: {ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟[10] ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر[11]. (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا تۇرغۇزىدۇ، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر[12].}

يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان سەھىھ بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دەيدۇ: «كىم غازات قىلماي ۋە غازاتنى نىيەت قىلماي ئۆلسە مۇناپىقلىقتىن بىر سۈپەت ئۈستىدە ئۆلىدۇ»

غازات قىلالايدىغان تۇرۇپ، ھاياتى ئاخىرلاشقىچە غازات قىلمىغان ۋە غازات قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن، يەنى جىھاد قىلىش ئىرادىسىگە كەلمىگەن كىشىدە مۇناپىقلىق ئالامىتى بولىدۇ. جىھادنىڭ سىرتقى ئالامەتلىرىدىن بىرى غازات قورالىنى تەييارلاش بولۇپ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى» [سۈرە تەۋبە 46-ئايەت].

كېلىڭلار! ھەممىمىز بىرلىكتە رەببىمىزنىڭ بۇ نىدالىرىغا قۇلاق سالايلى ھەمدە «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دەيلى!

مانا يۇقىرىقىلار زامانىمىز ئاسمىنىدا پارلاپ، قەلبلىرىمىزگە ئۈمىد بېغىشلاۋاتقان، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى رەھمەت پەيغەمبىرى ئارقىلىق بىزلەرگە يېتىپ كەلگەن، ئۈممەتنىڭ نىجادلىقى ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول خەرىتىسى بولغان قۇرئاننىڭ ھەقىقىي روھىغا چاقىرىۋاتقان، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئەھدىلىرىدە سادىق بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق ئىبادىتىدە ئەمەلىي ھازىرلانغان، دۈشمەنگە قارشى ھەرقايسى تەرەپتىن قوراللانغان، ئەسكىرىي بىلىم، ئۇرۇش تاكتىكىلىرى، جەڭ پسىخولوگىيەلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھەرقايسى ساھەلەردىكى بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆگىتىپ، جىھاد كارۋىنىنىڭ يولىنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن تاقىتى يەتكەن مىقداردا يورۇتىۋاتقان بىر چولپان يۇلتۇزنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ۋە بىز بىلەلىگەن قىسقا ئەمما سادىقلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ھايات ھېكايىسىدۇر.

ئەڭ ئاخىرىدا، مانا بۇ پىداكار ئوغلانىمىزغا، جاسارەتلىك مۇجاھىد ۋە تەلەپچان، ھىممەتلىك ئۇستازىمىزغا، شۇنداقلا ئۇ كەبى ئاللاھنىڭ دىنىغا

ياردەم بېرىپ، مەزلۇملارنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەممىيلىك بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان، ئەھدىسىگە سادىق ھەر بىر رىجاللارغا، ئەرلىرىنىڭ ھەممەتلىك ياردەمچىسى، قوللىغۇچىسى بولغان پىداكار مۇجاھىدەلەرگە؛ شۇنداقلا قەيەردە، قايسى ئورۇندا بولمىسۇن ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆز تاقەتلىرىنى ئايىماستىن، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان ھەر بىر ئوت يۈرەك مۇھاجىر، مۇھاجىرەلەرگە، جۈملىدىن ھەر بىر ئىمانلىق خەلقىمىزگە مېھرىبان ئاللاھتىن مەغفىرەت، رەھمەت ۋە ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

ئۇلۇغ ئاللاھ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن بۈنىڭغا ئوخشاش بارلىقىنى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىشقا، ئاندىن قالسا ئۈممەتنىڭ بىر شاخچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشىغا سەرپ قىلىۋاتقان مۇشۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاش ھەقىقى ئەركەكلەرنى كۆپلەپ چىقىرىپ بەرگەي. پات يېقىندا تۈركىستاننىڭ كېچىلىرى سانسىز پارلاق يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىلەن يورۇنىدىنمۇ گۈزەل بېزەلگەي! امين.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە: {ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار} دېدى.

بۇ ئايەتنى ئىسلام ئالىملىرى «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىدىغان قېرىنداشلىق بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ئۇ نېمەتنى، بۇ نېمەتكە لايىق بولغان مۇسۇلمان جامائىتىگە ئاتا قىلىدۇ. ئۇ نېمەتنى ئاللاھ تەئالا بەندىلىرىدىن ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە دائىم ئىنئام قىلىپ بېرىدۇ. ئىسلام ۋە تەقۋالىق ئارقىلىق چاقناپ تۇرىدىغان بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ئاساسى ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىش، يەنى ئاللاھنىڭ ئەھدىسىگە ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە دىنىغا مەھكەم يېپىشىش» دەپ تەپسىرلىگەن.

بىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئەزىز ۋەتىنىمىزدە، ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشتىن تولىمۇ ئاجىز كەلگەن ئىدۇق. ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ نىداسىغا ئاشكارا ئەمەل قىلالماستىن يوشۇرۇن، مەخپىي، ئېھتىيات قىلغان ھالەتتە ئەمەل قىلغان بولساقمۇ، رەزىل جاسۇسلار تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ نۇرغۇنلىغان تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدۇق. تەقۋا، جاسارەتلىك، ئاق كۆڭۈل، غېرىب بولغان، ئىسلامى ئۇچۇن كېچە-كۈندۈز غەم-ئەندىشە قىلىپ، دىنىغا ئۆزىنى ئاتاپ، پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئۇستازلىرىمىزنىڭ دەۋەتلىرى ۋە نەسىھەتلىرى، تەۋسىيەلىرى ئارقىلىق، زور نىشان-مەقسەت بىلەن، ئانا ۋەتىمىز شەرقىي

تۈركستاننى ۋە شۇ كاپىرلارنىڭ نىجىس تاپانلىرى ئاستىدا بۇلغانغان ئەزىز، سۆيۈملۈك يۇرتلىرىمىزدا، بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئېقتىپ تۇرۇپ، يۈرەك پارىسى بولغان بىزلەرنى مىڭ جاپالاردا ھىجرەتكە يولغا سالغان غەمگۇزارىمىز ئاتا-ئانىلىرىمىزنى، تاتلىققىنە ئۇماق كۆلكىلىرى بىلەن قەلبلىرىمىزگە خۇرسەنلىك ئېلىپ كېلىدىغان، غەم - قايغۇلىرىمىزنىڭ قاياقلارغىدۇر كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان غۇنچىلىرىمىزنى، خۇشاللىقىمىز ۋە خاپىلىقلىرىمىزگە تەڭ جۆرە بولىدىغان سەممىي دوستلىرىمىزنى قالدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە پەزلى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان دەرىجىدە قىيىن ۋە مۈشكۈل بولغان ئۇزۇن سەپەرنى پاسپورتسىز بېسىپ چىقتۇق.

بىزنىڭ بىردىنبىر مەقسەت - نىشانىمىز رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئىزدىسى بويىچە، ئۇلار ماڭغان يوللاردا قېيىپ كەتمەستىن مېڭىش ئىدى. بۇ سەپەرنى ئىخلاس بىلەن باسقانلىرىمىز،ئارزۇ قىلغان نىشانلىرىمىزغا يېتىپ، ئۆزىمىز ئۈمىد قىلغان ئىسلامىي جامائەت بولۇپ شەكىللەندۇق. ئىسلامىي جامائەت بولۇپ شەكىللىنىش، قۇرئان - ھەدىسنىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بولۇپ، غايىسى قاراڭغۇ - زۇلمەت ئاستىدا، دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقان مەزلۇم خەلقنى ئىسلامنىڭ نۇرى ۋە ئادالىتىگە ئېلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تەئالا بۇ توغرىسىدا ئەزىز كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: {روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ

قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.}

بىز ئاللاھ تەئالانىڭ پەزلى - رەھمىتى بىلەن، شام دىيارى ۋە خۇراسان تاغلىرىدا، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت - رايونلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇھاجىرلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ توغرا ئەقىدىسى ئاساسىدا بىر جامائەت بولۇپ شەكىللەندۇق. تەۋھىد ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ جامائەت يىللاردىن بېرى بىرلىك - ئىتتىپاقلىق بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇتۇش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، يار - يۆلەك بولۇش، بىر - بىرىنى قوللاش، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈستۈن بىلىش، جاپا - مۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلىش، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە مېڭىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزلىرىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلىش، ئۇلۇغ دەستۇرىمىز بولغان قۇرئاننى يەر يۈزىدە قانۇن قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەت - نىشانلار بويىچە مېڭىش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان شېھىدلەرنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈش بەدىلىگە، كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. چۈنكى، بۇ تەۋھىد ئاساسىدا، توغرا ئەقىدە بىلەن جامائەت بولۇپ قۇرۇلغاننىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى نەتىجىسىدۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:

«مَا مِنْ ثَلَاثَةٍ فِي قَرْيَةٍ وَلَا بَدْوٍ لَا تُقَامُ فِيهِمُ الصَّلَاةُ إِلَّا قَدِ اسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ الشَّيْطَانُ فَعَلَيْكَ بِالْجَمَاعَةِ فَإِنَّمَا يَأْكُلُ الذِّئْبُ الْقَاصِيَةَ»

«قانداق بىر يېزىدا ياكى سەھرادا ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ئۇلار نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇمىسا، شەيتان ئۇلارغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. جامائەتكە چىڭ ئېسىلىڭلار. ھەقىقەتەن توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ.» [مىشكات 1067 - ھەدىس، ھەسەن]

ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «جامائەت دېگەن ھەقكە ئۇيغۇنلاشقانلاردۇر، گەرچە يالغۇز بولساڭمۇ» دېگەن.

يۇقىرىدا، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ۋە ساھابىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ۋە ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتلىرىنى چىڭ تۇتقانلار، ئەقىدە، سۆز ۋە ئەمەلدە شۇلارنىڭ يولىدا مېڭىپ مۇستەھكەم تۇرغانلار ۋە بىدئەتتىن ساقلانغانلاردۇر.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ جامائەت قۇرۇلمىلىرى قۇرئان - سۈننەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، يىللاردىن بۇيان ئۇرغۇنلىغان جەبىر - جاپالار ۋە بوران - چاپقۇنلاردىمۇ، بوشىشىپ، ئاجىزلاپ ياكى تېڭىرقاپ قالماستىن، روھىي چۈشكۈنلۈك دېڭىزىغا غەرق بولماستىن، ئاللاھ تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن خىتاينىڭ ھەرخىل ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالماستىن، مۇستەھكەم ھالەتتە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

شەيخ ئابدۇلئەزىز تەرىيفى مۇنداق دەيدۇ: «بىرلىشىش تەۋھىد ئاساسىدا بولىدۇ. ھەرقانداق ئۇممەت ئۆز ئەقىدىۋى پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا بىرلەشمىسە، تارماق - شاخچە مەسىلە ئاساسىدا ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىمۇ ئەگەر تەۋھىد ئۈستىدە بىرلەشمىسە، مۇسۇلمانچىلىق دەۋاسى ئۈستىدە ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.»

بىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىمىزنى غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يەريۈزىگە ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن، نادانلىق قۇچىقىدا ئىڭراۋاتقان تارىم ۋە تەڭرىتاغ ۋادىلىرى، ئۈنسىز ئېقىۋاتقان ئىلى - زەرەپشان دەريالىرىنى ئېغىر كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا بىزلەرگە نىجادلىققا ئېرىشىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى سۈپىتىدە ئاتا قىلغان بۇ جامائەتتىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى، جامائەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق خەلق قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز كېرەك ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس! بىز بۇ كاتتا نېمەتنى ھەقىقى رەۋىشتە قەدىرلىيەلمىدۇق.

ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلىمىگەن خەلقنىڭ ئاقىۋىتى مەھكۇملۇق بولىدۇ. تارىخ بەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئاللاھ بەرگەن نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن خەلقلەردىن، نېمەتنىڭ تارتىلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى كۆرىمىز. ھاياتلىق تارىلىرى ئۈزۈلۈپ، مۇلايىم ئاۋازلىرىنى چىقىرالمايۋاتقان، دەسسىلىپ، چەيلىنىپ خۇشپۇراقلىرىنى يوقاتقان، ئىنسانىي قىممىتى دەپسەندە قىلىنغان ناتىۋانلارغا ئېپار كەبى خۇشپۇراقلىرىمىزنى چېچىش ئۈچۈن ۋە قاراڭغۇ زۇلمەتتە قەيەرگە بېرىشنى ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان مېھرىبان ئاتا - ئانىمىز، بەرنا دىلبەرلىرىمىز، زىبا غۇنچىلىرىمىز، سەركە يىگىتلىرىمىزنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان

چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز بولايلى! ئەنە شۇ ۋاقتتا رەببىمىزنىڭ نۇسرىتى بىز تەسەۋۋۇر قىلمىغان بىر ھالەتتە يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۆتكەنكى ئىسلام تارىخى سەھىپىلىرىدىكى قەبىلەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان تەسىرلىك تارىخي ۋەقەلىكلەر دەلىلدۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «سىلەردىن مېنىڭدىن كېيىن ياشىغان كىشى كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ؛ سىلەر مېنىڭ يولۇمنى ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ يولىنى چىڭ تۇتۇڭلار» دېگەن.

شۇڭا، بىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتايلى! رىئاللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى! رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قىيامەت كۈنىگىچە ياردەمگە ۋە غەلىبىگە ئېرىشكەن ھالەتتە داۋاملىشىدۇ دەپ سۈپەتلەۋاتقان، تەۋھىد ئۈستىگە بەرپا بولغان ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە جامائىتى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ! شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ: «غەلىبىگە ئېرىشكۈچى جامائەت شام زېمىنىدا بولىدۇ» دېگەن.

ئەزىز قېرىنداشىم! رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بىلەن جەننەتتە بىرگە تۇرۇشنى خالامسىز؟ ئاللاھ تەئالا ۋە پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئۇچۇن سۆيۈملۈك بولغان، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە تەكرار تەكىتلەنگەن، سىزنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭىزگە ۋەسىلە بولىدىغان بۇ ياخشى ئەمەلگە نائىل بولدىڭىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىز ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسىز.

ئائىلىڭىزدىكى يېتىم ئوغۇل ۋە يېتىم قىزلار، تەۋھىدنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىغان، شۇ سەۋەبتىن كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىدە ئېغىر ئازاب تارتىۋاتقان، قېرىنداشىڭىزنىڭ يۈرەك پارىسى، جېنى ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، شېھىد بولغان قېرىنداشىڭىزنىڭ يۈرەك پارىسىدۇر... سىز ئۇ يېتىم بىلەن بىرەر قېتىم بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ بىرەر قېتىم پېشانىسىگە مېھرىڭىز بىلەن سۆيۈپ باقتىڭىزمۇ؟ بىرەر قېتىم بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئاتىلىق ياكى ئانىلىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ بىرەر قېتىم ئۇلارنى رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دەك ئوينىتىپ باقتىڭىزمۇ؟ بىرەر قېتىم چاچلىرىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تاراپ قويدىڭىزمۇ؟ بىرەر قېتىم ئوقۇش ئەھۋالىنى سوراپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىرىنى قۇچىقىڭىزغا ئېلىپ ئەركىلەتكەندە، ئۇنىمۇ چاقىرىپ ئەركىلىتىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرگەندە ۋارقىراپ ياكى ئۇرۇپ كەتمەستىن، سەبىرچانلىق بىلەن

مۇئامىلە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ ھېيت كېلىۋاتىدۇ، ئۇ يېتىمنى قانداق خۇرسەن قىلماقچىمۇسىز؟

ئۇ سىزگە ئاللاھنىڭ تاپشۇرغان ئامانىتىدۇر. بۇ ئامانەتنى ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇرامسىز ياكى زايە قىلىۋېتەمسىز؟ بۇ سىزنىڭ ئىمان ۋە ئەخلاقىڭىزغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ھازىرقى زاماندا يەر يۈزىنى ئومۇمىيۈزلۈك پىتنە قاپلاپ كەتكەن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پىتنىلەر ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىۋاتقان، ئىماننى قوغداش تولىمۇ قىيىن بولۇۋاتقان بىر شارائىتتا، ئىمانى سۈزۈك، توغرا ئەقىدە بىلەن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سالىھ ئەمەللەردە ئۆزئارا بەسلىشىۋاتقان، ھەقىقىي ئىماننىڭ تەمىنى تېتىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنى كېچە - كۈندۈز ئاللاھقا ئاتاپ، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان، ئىسلام چاكارلىرىنى كۆرۈپ، يەر شارىدا ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىپ، رەببىمگە شۈكۈرلەر ئېيتتىم.

2022 - يىلى رامزان يېتىپ كېلىشى بىلەن، سۆزلىرىدە راستچىل، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلغان، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن، ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھقا ئۆزىنى بېغىشلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، رامزاندىن بىر ئاي بۇرۇن، ئاللاھنىڭ چېگرالىرىنى قوغداش ئۈچۈن رىباتتا تۇرۇۋشقا تىزىملاتقان خەۋەرلىرى ھەممىمىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. رىباتتا تۇرۇۋش سانى توشۇپ كېتىپ، رىباتتا تۇرالمىغانلارنىڭ بەس - بەستە رامزاننىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋشى بىزلەرنىڭ قەلبلىرىمىزنى شۈنچىلىك سۆيۈندۈردى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۇ سادىق بەندىلىرىنىڭ رامزاندا تۇتقان روزىلىرىنى، ئېتىكاپلىرىنى ۋە بارلىق ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلسۇن، آمىن.

سوغۇق ۋە شۋرغانلارغا قارىماي، غارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا بوي ئەگمەستىن رىباتتا سابىت تۇرغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، رىباتلىرىنى ۋە رىباتتا تۇرۇپ قىلغان بارلىق ئىبادەتلىرىنى مېھرىبان رەببىم قوبۇل قىلسۇن، ئامىن.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىر قېرىنداشلار! سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلاردىكى ۋە پەرزەنتلىرىڭلاردىكى مۇسۇلمان يىگىتلىرى جېنىنى پىدا قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ چېگرالىرىنى قوغداپ، ئۆزىنى دۇنيانىڭ ئاشكارا - يوشۇرۇن پىتنىلىرىدىن مۇداپىئە قىلىپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مول ئوزۇق توپلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جىھادى ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرخىل پىتنىلىرىدىن سالامەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ ئۆيلىرىڭلارنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇڭلار!

چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى، ھىجرەت ماكانلىرىغا ئەڭ قىيىن سەپەرلەرنى ۋە مۇشكۈلاتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يېتىپ كەلگەن. ئى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى! شەيتانلارنىڭ تۈرلۈك چاقىرىقلىرى سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن. ھەقىقىي ئىمان ۋە توغرا ئەقىدە بىلەن ياشايدىغان، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ ئېيتقان «تائىفەتۇل مەنسۇرە» (ياردەمگە نائىل بولغۇچى تائىپە) قاتارىغا قوشۇلۇڭلار! خارلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىززەت بىلەن ياشاڭلار.

ئەگەر سىز بەخت، راھەت، خاتىرجەملىك ۋە تىنچ - ئامانلىقنى ئىزدەشنى خالىسىڭىز، كۆڭلىڭىزنى ياخشى كۆرۈش بىلەن باشلاڭ. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى يامان كۆرۈش ۋە ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن دۇغلاشتۇرۇپ قويماڭ. مۇھەببىتىڭىزنى ئىنسانلارغا تارقىتىڭ، ئىمانلىق كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشتە بېخىللىق قىلماڭ. ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسە، ياخشى كۆرگەن دوستلىرىڭىزغا ھەدىيە بېرىڭ، چۈنكى ھەدىيە دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ.

ئاخشىمى ياتقان ۋاقتىڭىزدا سىزنى رەنجىتىپ قويغان بارلىق كىشىلەرنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئەتىگىنى قەلبىڭىز غەمدىن خالىي ھالدا ئويغىنىسىز. قەلبلىرىڭىز ياخشى كۆرۈش بىلەن نۇرلانسۇنكى، ئۆچ - ئادەۋەت بىلەن قارىداپ كەتمىسۇن. قەلبىڭىزدىكى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى ئاللاھقا، ئاندىن قالسا رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە، ئاندىن قالسا مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان بولسۇن.

ياخشى كۆرۈشىڭىزدە ئادىل بولۇڭ. ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ. ياخشى كۆرۈشتە سەممىي، كەمتەر بولۇڭ، ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىڭىزگە قارىتا ياخشى گۇماندا بولۇڭ، ياخشى كۆرۈش بىلەن باشلانغان كۈن، ياخشى كۆرۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. قانائەتچان بولۇڭ.

ئەي قىز! قانائەتچان بولۇڭ، قەلبىڭىز خۇرسەنلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇڭ. باي، ئىنسانلاردىن بىھاجەت ياشايسىز.

ئېرىڭىزنىڭ پۇلى بولمىسا، ئىمانى، تەقۋالىقى، سىزگە بەرگەن سەممىي مۇھەببىتى، گۈزەل ئەخلاقى باردۇر.

ئېرىڭىزنىڭ پۇلى بولمىغان بىلەن، ئۇ ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىغان، ئاللاھنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ئاللاھقا ساتقان سودىگەردۇر؛ سىزنى چۈشىنىدىغان، سىزنىڭ ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىشۋاتقان كۆيۈمچان ئەردۇر؛ سىزنىڭ ئىلىم ئېلىشىڭىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ بېرىشۋاتقان قوللىغۇچىڭىزدۇر؛ سىزنى تەشتەكتىكى گۈلنى ئاسرىغاندەك ئاسراۋاتقان باغۋەنىڭىزدۇر؛ سىزنىڭ ئايال ساھابىلەردەك (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ياشاپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىڭىزگە تۈرتكە بولغان ھىماتچىڭىزدۇر.

ئېرىڭىزنىڭ پۇلى بولمىغان بىلەن، ئۇ سىزنى ھازىرقى زاماندا يامراپ ئاياللارنى يولدىن ئازدۇرۇۋاتقان پىتنىلەردىن قوغدىغۇچىدۇر؛ سىزنى غېرىبلىق باسقان ۋاقىتتا، قەلبىڭىزگە خۇرسەنلىك بېغىشلايدىغان كۆڭۈل خۇشىڭىزدۇر؛ سىزنى ئاللاھنىڭ جەننىتىگە يېتەكلەيدىغان يولباشچىڭىزدۇر؛ يالغۇزلۇق ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىڭىزدا سىز بىلەن مۇڭدىشىدىغان مۇڭداشچىڭىزدۇر؛ ئاللاھنىڭ چېگراسىنى قەھرىتان سوغۇق ۋە پېژغىرىم ئىسسىقلارغا قارىماستىن قوغداۋاتقان مۇرابىتتۇر (رىباتتا تۇرغۇچىدۇر).

ئەي قىز! سىزگە زادى نېمە كېرەك؟ ئىمان، ئەقىدە كېرەكمۇ ياكى پۇل كېرەكمۇ؟ سىزگە ئاخىرەت كېرەكمۇ ياكى بۇ ئەرزىمەس دۇنيامۇ؟ سىزگە زەردار ئەر كېرەكمۇ ياكى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدمۇ؟ سىزگە جەننەت كېرەكمۇ

ياكى دوۋزاخمۇ؟ ئەي قىز! دۇنيا ئۇچۇن بەختلىك ئائىلىڭىزنى ۋەيران قىلماڭ، بولمىسا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسىز.

نەپسىم: نېمە بولدۇڭ؟ يىغلاپسەنغۇ؟ ئاتا - ئاناڭنى سېغىندىڭمۇ؟

مەن: جېنىم ئاتام ۋە ھاياتىم ئانام مەن تۈركىيەدىكى ۋاقتىمدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئاللاھ ئۇلارغا جەننەتۇل فىردەۋس ئاتا قىلغاي, امين.

نەپسىم: ئۇنداقتا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭنى سېغىنىپ ياش تۆكۈۋاتامسەن؟

مەن: ئۇ جان - جىگەرلىرىمنى ئامانەتنى زايە قىلمايدىغان رەببىمگە تاپشۇرغانمەن. ئاللاھ ئۇلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى نەمرۇدنىڭ ئوتىدىن ساقلىغاندەك، ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىغاي، امين.

نەپسىم: ئۇنداقتا، ۋەتەندىكى تەقۋا، ئەخلاقلىق، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئاشۇ كۆيۈمچان، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلاشقان، دوستلىرىڭنى كۆرگۈڭ كەلدىمۇ؟

مەن: شۇ ئەزىز دوستلىرىمدىن، رەببىمنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ۋە بۈيۈك رەببىمنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئايرىلغانمەن، ئىنشائاللاھ، رەببىم ئۇلارنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، پات ئاردا رەببىم بىزلەرنى تولىمۇ گۈزەل بىر ھالەتتە جەم بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلغاي، امين.

نەپسىم: ئۇنداقتا زادى نېمە بولدۇڭ؟ ئۈن - تۈنسىز ياش تۆكۈپ، كۆزلىرىڭ ئىششىپ كېتىپتۇ؟ بىرەرسى گۈزەل سۆزلىرى بىلەن سېنى ئۈمىدلەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، سەممىي قەلبىڭنى قوبۇل قىلماستىن ۋە

يغىلىرىڭغا رەھىم قىلماستىن، ئەشۇ ناتىۋان، سەدەپ مارجاندەك قەلبىڭگە ئازابلىق مۆھۈرنى باسقىنى ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن ؟

مەن: ياخشى كۆرۈش ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا، ئۇ قەلبلەرنى ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. ئۇ ياخشى كۆرۈپ، ياش تۆكۈشكە ئەرزىيدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئەڭ گۈزەل دۇئالارنى قىلىش بىلەن ئاللاھتىن ئۇنىڭغا دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن. چۈنكى، ئەقىللىق ئىنسان ئۈچۈن، ئۇنىڭ يوق يېرىدە يەنە بىر ئىنساننىڭ دۇئا قىلىشى، ئەگەر شۇ ئىنسان بىلسە، ئەڭ كاتتا نېمەت ۋە ئەڭ گۈزەل ھەدىيەدۇر. ئۇنىڭ بەختلىك ھايات كەچۈرىشى مېنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى مېنى راھەتلەندۈرىدۇ. ھەقىقى ياخشى كۆرۈش ئېرىشىش بىلەنلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ۋاز كېچىش بىلەنمۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا رەببىمدىن دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادەتلىرىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى تىلەيمەن، رەببىمدىن ئۇنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى، ئۇنى ھەق ئۈستىدە سابىت قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭغا جەننەتۇل فىردەۋس ئاتا قىلىشىنى، ئۇنى رەببىم ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە كۆلۈپ كېتىدىغان ئەمەللەرگە مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەيمەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئەڭ ئالي نېمەت بولغان ئۆز جامالىنى كۆرسىتىشىنى تىلەيمەن.

نەپسىم: ئۇنداقتا ساڭا ئاۋازسىز ئوق ئېتىۋاتقان ھەسەتخورلار ۋە پىتنىخورلارنىڭ يەتكۈزگەن رىيازەتلىرى ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن ؟

مەن: ياق! ئاللاھ ئۇلارنىڭ نادانلىقتىن قىلغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، امين. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ پىتنىگە دۇچار بولغانغۇ؟ ئاللاھ مېنى ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىرىدىن قوغدايدۇ، ئىنشائاللاھ.

نەپسىم: بارلىق ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىڭدىن ئايرىلغانغا يىغلاۋاتامسەن؟ مەن: سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇ بارلىق ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلىپ يالغۇز قالغانغۇ؟

نەپسىم: ئاغرىپ قالغان ۋاقتلىرىڭدا ساڭا قاراپ، بىر چىنە تاماق قىلىپ بەرگۈدەك كىشىنىڭ يوقلۇقىدىن غېرىبسىنىپ يىغلاۋاتامسەن؟

مەن: ياق، مەريەم ئانىمىزمۇ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغۇش ئالدىدا شۇنداق قاتتىق تولغاق ئازابىنى تارتقان ۋاقتلىرىدىمۇ يالغۇز ئىدىغۇ؟

نەپسىم: ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىپ يىغلىدىڭمۇ؟

مەن: ئاللاھ راززاقتۇر. پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا، ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاشنىڭ ئۈستىدىكى چۈمۈلىگە رىزىق بېرىدىغان رەببىم بار تۇرسا، مەن ھېچقاچان رىزقىمدىن ئەنسىرەپ باقمىدىم.

نەپسىم: يالغۇزلۇقىڭدىن سىقىلىپ يىغلىدىڭمۇ؟

مەن: ياق، مەن ھېچقاچان يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ باقمىدىم. چۈنكى رەببىم مەن بىلەن بىللە.

نەپسىم: ۋەتەنىنىڭ فەتھى بولمىغىنىدىن ئازابلىنىپ يىغلاۋاتامسەن؟

مەن: ئەلۋەتتە ۋەتەندىكى ئۇستاز ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرى ئۈچۈن يىغلايمەن. ئەمما ۋەتەنىنىڭ فەتھىسى ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ.

نەپسىم: ئۇنداقتا نېمىگە يىغلىدىڭ ؟

مەن: مېنىڭ ئاخىرەتلىكىمنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان قەبرە ئىمتىھانىدا نەتىجەم قانداق بولار ؟ دەپ يىغلاۋاتىمەن.

ئانا دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئىنسان بولۇپمۇ غېرىب - مۇساپىرلىق ئىچىدە خۇددى يىلتىزى يوق دەرەخكە ئوخشاش، قەيەرگە ئاپىرىپ تىكىپ قويسا، شۇ يەرنىڭ تۇپرىقىغا كۆنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، مېۋە بېرىدىغان بىز ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان، ئېچىشتۇرىدىغان، تىترىتىدىغان، سېغىندۇرىدىغان، ئانىغا بولغان مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرىدىغان، سەبىي ۋاقىتلاردىكى ئانىلارنىڭ سۆيۈپ تۇرۇپ، باغرىغا بېسىپ، مېھرىبانلىق بىلەن چاچلىرىنى سىلاشلىرىنى، پېشانىلىرىگە «ئى جىنىم قوزام، يۈرەك پارەم» دەپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرىنى ئەسلىتىدىغان، مېھرىبان، سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان ئانىسى بىلەن گۈزەل باغچىلاردا، ئوماققىنە كۈلكىلىرى بىلەن قوغلىشىپ ئويناشلىرىنى، باغچىلاردىكى ئىلەڭگۈچلەردە ئانىسىنىڭ لەرزان ئۈچۈرتۈشلىرىنى، سۇ كۆلچەكلىرىدە بېلىقتەك ئۈزۈپ، سەكرەپ، شۇڭغۇغان ھالەتلىرىدە مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۆل بويىدا تۇرۇپ، جىگەر پارىسى بولغان شوخ بالىسىغا قاراپ مەستلىكى كېلىپ كۈلۈپ تۇرغان، مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلىشتىن زېرىكمەي، چارچاپ قالماي مېڭىشلىرى، كېچىلىرى ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتلىرىدا، ئانىسىنىڭ ئۇخلىماي جايىنامازدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ، بالىسى ئۈچۈن ئالالاھتىن گۈزەل كېلەچەكلەرنى تىلەشلىرى، دوستلىرى بىلەن ئويناپ، دوستلىرىدىن ئازار يەپ ئۆيگە يىغلامسىراپ كىرگەن ۋاقىتلىرىدا، ئانىسىنىڭ يۇمشاق قوللىرى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، باغرىغا بېسىپ، گۈزەل

ئەخلاقىي تەربىيەلەرنى بەرگەنلىكدىن ئىبارەت ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ھاياتىنى ئەسلىتىپ، سېغىنىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كۆزلەرنى لىققىدە ياشلارغا تولدۇرىدىغان پاساھەتلىك بىر سۆزدۇر.

ئانىسى يوقلار ئانىسى بارلارغا ھەۋەس قىلىدۇ.

ئانىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئانىسىنى قەدىرلىمىگەنلىكتىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، مۇڭلىنىدۇ. كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئانا توغرىسىدا: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە، «سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن» دەپ تەكرار سورىغان ساھابە كىرامنىڭ سوئالىغا ئۈچ قېتىم «ئاناڭ»غا دەپ بولۇپ، تۆتىنچى قېتىمدا «داداڭغا» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ئانىغا نىسبەتەن پەرزەنتى مەڭگۈ بالا، ھەتتا يېشى چوڭىيىپ كەتسىمۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان بولغىنى ئانىدۇر. سىزنى ھېچ بىر ئىنسان، ئانىڭىز ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ سىزنىڭ سىرداشىڭىز، غەمگۈزارىڭىزدۇر. ھاياتلىقتا پۈتۈن ھاياتىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە يارامىلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئانىلار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە، پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەي تاشلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ، مەڭگۈ بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئانىلارمۇ يوق ئەمەس. ئانىلارنىڭ ئىچىدە ھەققىي تەربىيەچى تېپىدىكىلىرىمۇ بار، پەقەت

باللىرىغا كىيىم - كېچەك، تاماق ئېتىپ بېرىش تىپىدىكى ئانىلارمۇ بار. ھەم شۇنداقلا، پەرزەنتلىرىنىڭ توغرا ئەقىدە، سۈزۈك ئىمان، گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ياتلىق بولماي ئۆتكەنلەرمۇ بار.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىنى بېرىدۇ» دېگەن مۇبارەك سۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمىزدا جانلىق نامايەندە بولماقتا. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ئاتىسىدىن يېتىم قالدى. ئانىسى دىيانەتلىك، كاتتا، باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تەقۋا، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچبىر مىللەتكە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئانىسى تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئائىشە كىچىك بولغاچقا نېمە قىلارىنى بىلمەي، يىغلىغان پېتى قوشنىلارنى چاقىرىپ كىردى. قوشنىلار ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ، بۇ بىمارنىڭ پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى، ياخشىراق بېقىشقا كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، دورىلارنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپ، ئۆيدە كۈتۈلۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

قوشنىلار ئائىشەنىڭ ئانىسىنى ئۆيگە ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئائىشەگە ئانىسىغا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئائىشە كىچىك بولغاچقىمۇ ئانىسى توغرىلىق قوشنىلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ كەتمىدى. قوشنىلار تاماق ئېتىپ ئەكىرەتتى. ئائىشە تولىمۇ شوخ، تېتىك قىز بولغاچقا، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ سىرتقا مەھەللىدىكى دوستلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىپ

كېتەتتى. ئويناپ كىرگەن ۋاقىتلىرىدا بىچارە ئانىسى ئۇنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيتتى. چۈنكى ئائىشە ئانىسى ئۈچۈن بىر تاللا قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا مېھرىگە قانمىغان بولغاچقا، ئانىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلسىمۇ، ئانىسى مېھرىبانلىق بىلەن تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەربىيە قىلاتتى. ئانىسىنىڭ گۈزەل تەربىيەسى بىلەن ئائىشە ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، پاكىز، ئەخلاقلىق قىز بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇلارنىڭ چوڭ، كەڭرى ئۆيلىرى بار ئىدى. ئائىشە ئېغىر ئالماستىن ھەممە ئۆيلەرنى ۋە ھويلىلارنى پاكىز تازىلايتتى، ئانىسى قىزىنىڭ ئىشچانلىقىنى كۆرگىنىدە سۆيۈنۈپ كېتەتتى ۋە ئائىشەگە ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئائىشە كىچىك بولسىمۇ ئانىسىنىڭ چوڭ - كىچىك تاھارەتلىرىنى تۆكۈشتىن ئېرىنمەيتتى. بۇ قىز كىچىك تۇرۇپلا، ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى.

ئائىشە كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلىدى. قىز بالىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا غېمى كۆپ بولمىغان بىلەن چوڭ بولغانسېرى، ئانىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا غېمىمۇ كۆپىيىپ ماڭىدىكەن. بىچارە ئانا ئائىشە يوق ۋاقىتلىرىدا قىزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ كۆز يېشى قىلاتتى. كېچىلىرى ئائىشە ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتا، قىزىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق، ئىشچان، ئەخلاقلىق قىز بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقىنىغا قاراپ مەستلىكى كېلىپ، ئۈن - تىنسىز ياش تۆكەتتى. ئانا يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىن قانداقمۇ ئەنسىرىمىسۇن؟ ئۇ ئېغىر كېسەل، جىگەر پارىسى بولغان قىزىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھېچ بىر قېرىنداش ۋە ئاچا - سىڭىللىرى يوق. شۇڭا ئانا ئۆزى پالەچ تۇرۇپ، قىزىغا شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق بولسىمۇ،

كۆزىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا قىزنى ياخشى بىر ئائىلىگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىش قارارىغا كەلدى. ئانا - بالا ئىككىسىگە سىرتتىن كېرىدىغان كىرىم بولمىغاچقا، چوڭ ئايۋانلىق ئۆيلىرىنى سېتىپ خىراجەت قىلغان بولۇپ، ئىككى ئېغىز ئۆي ۋە هويلىلا قالغان ئىدى.

ئانىسىنىڭ بىر يېقىن دوستى بار بولۇپ، ئۇ ئايال ئائىشەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. شۇ جەرياندا ھەممە جەھەتتە قىزلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بۇ قىزغا كۆزى چۈشكەن بولۇپ، ئوغلى ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم ئېغىز ئاچقان بولسىمۇ ئەمما، ئائىشەنىڭ ئانىسى: «قىزىم تېخى كىچىك، شۇنداقلا مەن قىزىمغا موھتاج» دەپ، چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلىششقا باشلىدى. ئۇ قايتا - قايتا ئويلانغاندىن كېيىن كۆز گۆھىرى بولغان قىزى ئائىشەنى دوستىنىڭ ئوغلىغا بېرىشنى قارار قىلدى. دوستىغا: «سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىسىز، شۇڭا قىزىمنى ئاربلاپ يېنىمغا كېلىشكە رۇخسەت قىلىسىگىز» دېگەن ئىدى. دوستى ئۇنىڭغا: «خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىمىزنى يېنىڭىزغا پات - پات ئەۋەتىمەن» دېدى.

ئائىشەنىڭ تويى بولدى. ئۇ ھاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان كىشلەر ئارىسىدا يېڭى ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ تولىمۇ ئىشچان ئىدى. يولدىشى شوپۇر بولغاچقا ئايدا بىرەر قېتىم كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپلا قىيناتىسى بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ كېتەتتى. ئۇ بىچارە ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە بىردەم ئارام ئالماستىن، قېينانىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا

قىلىپ، تۆگمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، كېسەل ئانىسىنى يوقلاپ بارالمىدى.

قېينانىسى ئۇنى كېلىن سۈپىتىدە ئەمەس، ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ ئورنىدا كۆرەتتى. دەسلەپتە ئانىسىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، كۈندۈزى ئانىسىنىڭ يېنىغا بىر مەزگىل بېرىپ ئانىسىنى بېقىشىغا يول قويغانىدى. بۇ بىچارە ئەتىگىنى قېينانىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە تاماق قىلىپ بېرىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا باراتتى. كەچتە ئۆيگە كېلىپ يەنە تاماق ئېتەتتى. بۇ بىچارە ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالەتتە كۆپ جاپا چەكتى. ئۆيىنىڭ ئېغىر - يەڭگىل ئىشلىرىنىڭ ھەممىنى ئائىشە قىلاتتى. ئېرىنىڭ 7 ئۇكىسىنى باقاتتى.

ئۇ تويى قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قورساق كۆتۈردى، ئەمما ئېغىر ئىش قىلغانلىق سەۋەبىدىن بالىسى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. ئانىسىنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقىتلىرىدا، قېينانىسىنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىنى ھەرگىز ئېيتالمايتتى. ئانىسى داۋاملىق قېيناتا - قېينانىلىرىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش، ئۇلارغا ئىتائەت توغرىسىدا كۆپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ ئىككىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈردى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قېينانىسىدىن كۆڭلى قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ئانىسى بار ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تويى قىلغان ۋاقىتتا، بىر خىزمەتچى ئايالنى ئانىسىغا قارايدىغانغا قوشنىلىرى تېپىپ بەرگەن ئىدى. بىراق ئۇ ئايالنىڭ ئانىسىغا ياخشى قارىماي، ئانىسى ئۆزىنىڭ تەرەتلىرى ئىچىدە قېلىپ، يۇراپ كۆپ جاپا تارتقانلىقىنى قوشنىلىرىدىن ئاڭلاپ ئانىسىغا بەكلا ئىچى ئاغرىپ قاتتىق يىغلىدى.

ئانىسى ئائىشەگە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆيگە كېتىشىنى تەۋسىيە قىلغاندا، ئائىشە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئېيتتى. شۇ سەۋەبتىن تۈنجى بالىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، مېھرىبان ئانىسىنىڭ قىزىغا شۇنچىلىك ئىچى ئاغرىدىكى، يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك بولدى. ئائىشەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى خاتىرجەم تۇغۇپ بولغۇچە ئېرىنىڭ ئۆيگە بارماسلىقىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىغا كۆيۈنۈپ، ياخشى بېقىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ سىرتقا دوستلىرى بىلەن ئويناشقا چىقىپ كەتمىدى. ئۆيلەرنى پاكىز تازىلاپ، ئانىسىنىڭ يېگۈسى بار تاماقنى ئېتىپ بېرىپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. چۈنكى ئۆينىڭ تازىلىقى پاكىز بولسا، كېسەلنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

ھايت - ھۇيت دېگۈچە كۈنلەر تېز ئۆتۈپ ئائىشەمۇ خاتىرجەم يەڭگىۋالدى. مېھرىبان ئاللاھ ئۇنىڭغا تولىمۇ چىرايلىق بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئوغلىغا قارىغاندا قەلبى شۇنچىلىك خۇرسەنلىككە تولدىكى، ئىلگىرى تارتقان دەرد - ئەلەملىرىنى ۋە بالىسىنى تۇغۇش جەريانىدىكى جاپالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

بالا ئاتا - ئانىغا ئاللاھنىڭ بەرگەن كاتتا نېمىتى، ئائىلىنىڭ شادلىقى، ئائىلىنى خۇش پۇراققا تولدۇرىدىغان ئەتىرگۈللەردۇر. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قوشنىلىرى تەرىپىدىن كۈتۈلۈپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ جىگەر پارىسى بولغان ئوغلى كۈندىن - كۈنگە شۇنچىلىك چىرايلىق چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوغلىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلەتتى. ئوغلى ئۇنىڭ ھاياتى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە قېينانىسى ئائىشەنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، «بالا يېتىم بولۇپ قالمىسۇن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش بىلەن ئائىشەنىڭ ئانىسىنى قايىل قىلدى. دېمىسىمۇ، ئائىشەنىڭ ئانىسى تۇنجى نەۋرىسىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا قىزىغا تەربىيە ئىشلەپ، قېينانىسىغا قوشۇپ قويدى.

ئائىشە ئېرىنىڭ ئۆيدە بۇرۇنقىدىن بەكرەك جاپا تارتتى. بوۋىقىغا قارىمىسا تېخى، ئۆيدىكى بىرمۇنچە ئادەملەرگە تاماق ئېتىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلمىسا تېخى. شۇ جەرياندا ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ مېھرىبان ئانىسى ۋاپات بولدى. ئۇ قېينانىسىنىڭ ئۆيدىكى جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداپ بولالماي، ئېرىنىڭ ئۆيدىن بالىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەلگەن كۈنى، ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان، «ياخشى ئايال ئېرىنىڭ ئۆيدىن قاچمايدۇ، ئىپپەتلىك ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا چىقمايدۇ، مەن يالغۇز قالساممۇ مەيلى، بالاڭ يېتىم بولمىسۇن بالام» دېگەن سۆزى ئېسىگە يېتىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالدى.

ئانا بىر ئۆمۈر پەرزەنتى ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ جاپا تارتسىمۇ، ھەرگىز قاقشىمايدىكەن. يەنىلا بالام، بالام دەپ ھاياتىنى ئۆتكۈزىدىكەن. پەرزەنتلىرى ئۈچۈن يۈزلىرىنى قورۇقلار باسىدىكەن، پەرزەنتى ئۈچۈن يۈرەكلىرى داغلىنىدىكەن، كۆپلىگەن قۇربانلىقلارنى بېرىدىكەن، پەرزەنتى ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىدىكەن، پەرزەنتى ئۈچۈن يۈرەكلىرى كۆيۈپ كاۋاپ بولىدىكەن. ئەمما، پەرزەنتى چوڭ بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانىسى بەرگەن قۇربانلىقلارنى بالىسىغا بېرىدىكەن. ئۇ ئاخىرقى قېتىم

ئانىسىنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئېرىدىن تالىقىنى ئېلىپ كەلگەن بولىسمۇ، بىراق ئانىسىنىڭ رەنجىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەھۋالنى ئېيتمىغان ئىدى. ئاجراشقاندا ھۆكۈمەتتىن ئوغلىنى ئائىشەگە بۇيرۇپ بەرگەن ئىدى. چۈنكى، ئوغلى ئېمىۋاتقان بوۋاق بولغاچقا، بىر مەزگىل يۇرتىدا تۇرغاندىن كېيىن ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۇرۇمچىگە ئوغلىنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئاشخانا ئاچتى. گەرچە ئاشخانىسى كىچىك بولسىمۇ، تاماقلىرى ئوخشىغاچقا خېرىدارلار كۆپ ئىدى. ئۇ بىر مەزگىل شۇنچىلىك قىينالدى. ئاشخانا ئېچىش جاپاسى يامان تىجارەت بولغاچقا كۆپ قىينالدى. ئەمما، ئوغلىنىڭ ئەقىللىق، زېرەك ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۇنىڭ پۈتۈن جاپالىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئوغلى كۈندىن كۈنگە ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئۇ ئىشتىن ھېرىپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدا ئوغلىنىڭ تاتلىققىنە قىلىقلىرى ئۇنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. بۇ بىر تال ئوغۇل ئۇنىڭ ھاياتى ۋە جېنى ئىدى. ئائىشە كىچىكلا بالىسىنىڭ دادىسىدىن ئايرىلغان بولۇپ، يۇرەك پارىسى بولغان، جان ئوغلىنى ئەقىدە، ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە ئاللاھ رازى بولغىدەك دەرىجىدە تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن قايتا ياتلىق بولۇشنى پەقەت خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون نەچچە يېشىدىلا ياتلىق بولغان ئەردىن ۋە قىيىنانىسىدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولغاچقا، دەرد - ئەلەملەر قەلبىدە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى.

ھەش- پەش دېگۈچە، ئوغلى مەكتەپ يېشىغا يېتىپ قالدى. ئۇنى مەكتەپكە بېرىش كېرەكمۇ ياكى دىندا ئوقۇتۇش كېرەكمۇ؟ بۇ مەسىلە ئائىشەنىڭ كاللىسىنى قاتتىق قاتۇردى. ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوغلى ئارقىلىق ياردەم قىلدى. بىر كۈنى ئوغلى: «ئانا، مەن قۇرئان ئوقۇيمەن» دېدى. ئائىشە ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، بالىسىنى سۆيۈپ كەتتى. ئۇ: «بالام! بۇ سۆزنى ساڭا كىم دېدى؟» دەپ سورىغاندا، بالىسى: «ئانا، قوشنىمىز ناۋاي ئاكاش، ئانىڭىزدىن سوراپ كىرىڭ، مەن ھەپتىيەك ئوقۇتۇپ قوياي دېدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئائىشە ئوغلىنىڭ تەلپىگە دەرھال قوشۇلدى. ئۇ قوشنىسى ناۋاي ئۇستامنىڭ يېنىغا چىقىپ رەھمىتىنى ئېيتقاچ، ئوغلىغا قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. جىگەر پارىسى بولغان ئوغلى شۇنداق ياخشى ئوقۇدى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە قۇرئاننى ياد ئېلىپ بولدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۆيدە ئوغلىنىڭ ياخشى ئوقۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن تولىمۇ دىققەت قىلاتتى. قىسقىسى، پەرزەنتلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۇچىسىغا كىيىم بېرىشنىلا ئۆز ۋەزىپىسى دەپ قارايدىغان تىپتىكى ئانا ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەيدىغان ئانىلاردىن ئىدى. چۈنكى، پەرزەنتى ئاللاھنىڭ ئاتا - ئانىغا بەرگەن ئامانىتى - دە؟!

ئائىشەنىڭ بالىسى ئۈچۈن ئۆيلەنمەي، ياشلىق باھارىنى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى بالىسىنى تەربىيەلەشكە ئاتاپ، قۇربانلىق بېرىپ، بەدەل

تۆلگىنىگە چۈشلۈق، بالىسى ئەقىدىسى سۇزۇك، تەقۋا، ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان يىگىت بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. باغۋەن باغدىكى مېۋىلەرگە قانچىكى كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلسا، مېۋىلەرنىڭ تەمى شېرىن بولغىنىغا ئوخشاش، ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلسە، پەرزەنتلىرى سالىھلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئانا بالىنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسىدۇر. ئانىنىڭ ئائىلىدىكى يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، گەپ - سۆزلىرى، قۇرئان ئوقۇش ۋە ئىلىمغا بولغان ھېرىسمەنلىكى پەرزەنتلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىشەنىڭ ئوغلى چوپچوڭلا بىر يىگىت بولۇپ قالدى. ئوغلىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆيدە قۇرئان ئوقۇيدىغان ۋە ياد ئالىدىغان بالىلارنى تۇرغۇزۇپ، ئوغلى مۇددەرىس بولۇپ ئوقۇتۇشقا باشلىدى. ئائىشە ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئەتراپتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، بىر بىنانىڭ 5 - قەۋىتىدىن ئۆي ئالغان ئىدى. بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبتىن كەلگەن بولۇپ، ئۆيدە يېتىپ ئوقۇيتتى. ئائىشە ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرەتتى. كۈنلەر شۇنچىلىك مەنىلىك ئۆتەتتى. ئۆرۈمچىدە ئوغلىنىڭ يېشىدىكى بالىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىچىش - چېكىشتىن ئىبارەت بۇزۇقچىلىق يوللىرىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئوغلى ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان بولۇپ چىقتى. ئائىشە ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر ئېيتىش ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ تەلەپ تەقەززاسى بويىچە تولۇق ھىجابلاندى.

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. بىر كۈنى ئەسىردىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ياۋۇز خىتاي ساقچىلىرى ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈپ، ئۇرۇپ - دەسسەپ، ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئوغلى بىلەن ئائىشەنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ، ئانا - بالا ئىككىسىنى يەردە ياتقۇزۇپ قولىنى ئارقىغا قايرىپ يۈزىگە دەسسەپ گەپ سوراشقا باشلىغانىدى. ئۆزىنىڭ يۈزىگە دەسسىگىنى ئائىشەگە ئۇنچە ئېغىر كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىپلاسلارنىڭ ئوغلىنىڭ يۈزىگە دەسسىشى ئائىشەنىڭ يۈرىكىگە دەسسىگەندەك ئېغىر كەلدى، ئوغلىنىڭ قىيىن - قىستاق جەريانىدا توۋلاپ ئىڭراشلىرى؛ ئائىشەنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن ئىدى. كۆزىنىڭ گۆھىرى بولغان ئوغلىغا تېگىۋاتقان مۇشت - پەشۋالار ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىۋاتقاندەك بولۇپ، قاتتىق ئازابلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ياردەم سورىدى.

بىر ئايغا بارمىغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقتى. ئوغلىنىڭ يۈزىدىكى كۆكلەر خېلى ئۇزۇندا ئەسلىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇشىمۇ قىيىنغا توختىدى. بىرمەزگىل يۇرتىغا كېتىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتى سەل ياخشى بولغاندا قايتىپ كېلىشنى ئويلاپ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى. سەپەردە ھېرىپ - چارچاپ كەلگەن بۇ بىچارە ئانا - بالا ئىككىسى يۇرتىدىكى ئايرودرومغا كېلىشىگە ساقچىلار ئوغلىنىڭ يۈزىدىكى كۆكلەرنى كۆرۈپ يەنە تۇتۇپ ئەكىرىپ كەتتى. ئائىشە ئوغلى مۇھەممەد ئۈچۈن كۆپ كۆز يېشى قىلدى، ئاللاھتىن ئوغلىنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشىنى

سوردى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشلەر ئارقىلىق سەۋەبىنى قىلدى. مېھرىبان رەببىم ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق جىگەر پارىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەپ چىقىپ بەردى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدىمۇ ئۇزۇن تۇرماي ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدى.

ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىسىز كۈنلىرى مەنىسىز، قايغۇ ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. مۇھەممەدنىڭ ئىزدىنىشى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئانا - بالا ئىككىيلەن پاسپورت بېجىرىپ، سەئۇدىغا چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. شۇ يەردە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقچى بولدى. مۇھەممەد ئۆزى بىلەن ئانىسىغا 100 مىڭ خىتاي پۇلى تاپشۇردى. ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە، شامدىكى بىر مۇجاھىد قېرىندىشىنىڭ ئەۋەتكەن ۋىدىيولىرىنى مەخپىي كۆرۈپ، مۇھەممەد نىشانىنى ئۆزگەرتتى. بىر كۈنى ئۇ ئانىسىغا: «ئانا! بىز سەئۇدىغا بارمايلى، مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا بارايلى. سەئۇدىغا جېنىمىزنى باققىلى، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى بارساق بولىدىكەن. ئەمما، مەن مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جەڭ بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بىزنى ھەرخىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئاشكارا - مەخپىي قىرىۋاتقان، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرگەن، مەينەت ئورۇنلارغا تاشلىغان، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرى بولغان مەسجىدلەرنى ھەرخىل كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنلارغا ئايلاندۇرغان، ئۇيغۇر خەلقىنى قىرىۋاتقان تاجاۋۇزچى خىتايدىن خەلقىمنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن!» دېدى.

ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تەسىرلىك ۋە پاساھەتلىك سۆزلەر ئۇنىڭ قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناۋاتقان ئوغلىغا قاراپ: «سەن نېمە دېسەڭ، شۇ بالام» دېدى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ پاسپورتلىرى ئىلگىرى - كېيىن چىقتى. ۋەزىيەت كۈندىن كۈنگە چىڭىۋاتقان بولغاچقا، مۇھەممەد پاسپورتىنى ئېلىپ ئانىسىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئالدىن ماڭدى. ئانىسى مۇھەممەد مېڭىپ بىر ئايدىن كېيىن كەڭرى ئۆيلىرى ۋە ئۆيلىرىنىڭ ئېسىل بىساتلىرىنى سېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ماڭدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن تۈركىيەنىڭ ئايرودرومىدا ئۇزۇن يىل ئايرىلغان ئانا - بالىدەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇ تەسىرلىك ئۇچرىشىشىدىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرمۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىشتى.

ئۇلار تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردى. مۇھەممەدنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم ئىدى. ئەتراپىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇنچە ئېغىر زۇلۇم ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، بىر نەچچە پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىشلىرى، خىلمۇخىل پىكىرلەر، ئۇلارغا زەيتۇنبۇرنىدا تۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن بېرىلىۋاتقان تەكلىپ - پىكىرلەر. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» شام شۆبىسى توغرىسىدىكى ھەرخىل پىتنە - پاساتلار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى ۋاقىتلىرىدا مۇجاھىدلارنىڭ جەڭگىۋارلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، جەڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ۋىدىيولىرىنى كۆرۈپ، مۇجاھىد بولۇشقا تەلپۈنۈپ، كېچىلىرى سەممىيەت بىلەن ئاللاھ تەئالادىن: «ئى ئاللاھ! مېنى سۆيۈملۈك

دوستلىرىڭ بولغان مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشقىن، مېنى مۇجاھىد بولۇشتىن ئىبارەت ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگىن» دەپ سورىغان ھالەتلىرىنى ئەسلەپ، ئاللاھ تەئالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى مېھرىبان زات ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا قەلبلىرى لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىگە ياش كېلىپ قالغان ئىدى.

ئۇ دەرھال ئانىسىنى ئېلىپ بەرىكەتلىك زېمىن شامغا كىرىپ كېتىش قارارىغا كەلدى - دە، يول ئۇقۇشۇپ، خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇردى. ئاللاھ تەئالا بەندىسى ئارزۇ قىلغاننى ئىنئام قىلىدىغان زات بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ شامغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چەبدەس، قامەتلىك، چىرايىدىن جەسۇرلۇق ۋە ئىمانىنىڭ نۇرى جىلۋىنىلىپ تۇرىدىغان، ئۇلارنى ئاللاھ جەننەتتىكى ھۆر - ئەيىنلەرگە ئالدىن تاللاپ قويغاندەك شۇنداق چىرايلىق، بويلىرى ئېگىز، سۈننەتكە لايىق قويغان قاپقارا ساقاللىرى ئۇلارنى تېخمۇ لاتاپەتلىك كۆرسەتكەن، قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان پىلموتلىرى ئۇلارنىڭ جەسۇرلىقىغا تېخمۇ جەسۇرلۇق قوشۇپ، ئاجايىپ بىر گۈزەل مەنزىرىنى نامايەن قىلغان مۇجاھىدلار چىققاندى. قورال ئەرنىڭ زىنىنتى ۋە ھەقىقىي ئەرنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، مۇجاھىدلارنىڭ فورمىسى بىلەن بىرلىشىپ ئادەمنىڭ قەلبىگە تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. مۇھەممەد ۋە ئانىسى قورالنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ، قورالنى سىلاش بىلەنلا كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالماي قالدى. ئۇلار نېمىشقا يىغلىمىسۇن؟ چۈنكى، بۇ قوراللارنى ۋەتەنىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدا كۆرگەن ۋاقىتلىرىدا يۈرەكلىرى سېلىپ قورقىسمۇ، ئەمما قەلبلىرىدە ئۇ زالىم كاپىرلارغا نىسبەتەن غەزەپ

ئوتى يالقۇنجايتتى. مانا هازىر بولسا بۇ قورالنى ئۆزىنىڭ ئەزىز قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدا كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنى كۈتۈۋالغىلى چىققان مۇجاھىدلار ئۇلارغا تولىمۇ گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. يولدا ئۇلارغا بىر مۇجاھىد دەۋەت قىلىپ ماڭدى. مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەد ئەسكىري بىلىملەرنى ئۆگىتىش مەكتىپىگە كىرىپ كەتتى. ئائىشە بولسا بىر - بىرىدىن ياخشى، تەقۋا بولغان قېرىنداشلىرى بىلەن چوڭ ئۆيدە ئۈچ ئاي بىللە تۇردى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ياخشى سۆھبەتلەرگە مۇيەسسەر بولۇش ئارقىلىق، ھىجرەتتىن ئىبارەت كاتتا ئىبادەتنى شۇنچىلىك ياخشى چۈشىنىشۋالدى. ئوغلى مۇھەممەدنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىمايدىغان بۇ ئانا، مانا ئەمدى ئاي ئايلاپ كۆرمىسىمۇ سەبىر قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئوغلى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىد ئىدى. ئوغلى ھەرقېتىم جەڭلەرگە ياكى رىباتقا ماڭغاندا: «ئانا! ئەگەر مەن شېھىد بولۇپ كەتسەم، ھەرگىز ئازابلىنىپ يىغلىماڭ، ئىنشائاللاھ مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان جەننەتتە كۆرۈشىمىز، مەن ئۈچۈن گۈزەل دۇئالاردا بولۇڭ» دەيتتى.

ئاللاھ مۇھەممەدكە غازىلىق نېمىتىنى ئاتا قىلدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى - پەزلى، ئاندىن قالسا مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشى بىلەن ياخشى بىر مۇجاھىدە قىز بىلەن ئۆيلەندى. ئاللاھنىڭ رەھمەت - ئېھسانى بىلەن تۆت پەرزەنتلىك بولدى. ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ شېھىدلىك ۋە غازىلىق نېمىتىنى بېرىشىدە بىز بىلمەيدىغان، ئاللاھ ياخشى بىلىدىغان ھېكمەتلەر بار. چۈنكى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن كۆپلىگەن قارىلارنى تەربىيەلەپ چىقتى. ئۇ ئاللاھ يولىدا ئۆزىنى

ئاتىغان تەقۋا، سەممىي مۇجاھىد بولۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيتتى. ئانىسىنى شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلاتتى.

كۆپىنچە ئىنسان نېمەت قولىدىكى ۋاقىتتا، ئۇنى ھەقىقى رەۋىشتە قەدىرلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا، نېمەتنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆمۈر بويى پۇشايمان ئىچىدە ئۆتىدۇ. بىراق، ئىلىملىك، ئەقىللىق، ساپالىق، تەپەككۇرى تېرەن ئىنسانلار نېمەت قولىدىن كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى قەدىرلەيدۇ، ئەتىۋارلايدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلايدىغان ئەڭ كاتتا مۆجىزە سۈپىتىدە قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئۇممىتىگە كاتتا نېمەت قىلىپ بەرگەن. «مەن مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئۇممىتى» دەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان قۇرئاننى ھەقىقى رەۋىشتە قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇلۇغلىشىمىز، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىشىمىز، ھەربىر ئايەتنى چوڭقۇر ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، ئۇ يەريۈزىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن دەستۇرىدۇر. قۇرئان بىزگە ئوخشاش ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غېرىب بولغان، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولغان، يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلىپ، يۈرەكلىرى سېغىنىش ئوتلىرىدا كۆيۈۋاتقان مۇساپىرلار ئۈچۈن يېقىن دوست ۋە سىرداشتۇر. قەلبلىرىمىزدە چۈشكۈنلۈك يىلتىز تارتىۋاتقانلارغا نىسبەتەن روھىي ئوزۇقتۇر. قاراڭغۇدا قېلىپ يولنى كۆرەلمىگەنلەر ئۈچۈن يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق

چىراغتۇر. چۆل - باياۋاندا ئېزىپ كەتكەنلەر ئۈچۈن، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاستۇر. غەپلەتتە قالغانلارنى ئويغىتىدىغان سىگنالدۇر. دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان ئەسلەتمە، ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جان بېرىشنىڭ قانچىلىك راھەت ۋە شېرىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كۆرسەتمىدۇر. ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلار ئۈچۈن جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى، يامان ئەمەل قىلغۇچىلارغا دوزاخ بىلەن تەھدىت سالغۇچى، بۈيۈك، كاتتا، ئۇلۇغ، ئاسمان - زېمىنلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر.»

قۇرئان ئوقۇش كىشىنى ئاللاھ تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەردىندۇر. قۇرئان قىرائەت قىلىش قەلبنى پاكلايدۇ، نۇرلاندۇرىدۇ. قۇرئان قەلبلەرنىڭ باھارى ۋە ھىدايەت نۇرىدۇر. كېسەللەرگە شىپا بېرىدىغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: {بۇ (يەنى قۇرئان) بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلىڭلار.}

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : «قۇرئاننى ئوقۇغۇچىلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغانلارغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ.» دېگەن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يەنە: «قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن 10 ياخشىلىق بار» دېگەن.

سەلەف سالىھلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇنى ئۇلۇغلايتتى. قۇرئان بىلەن خۇرسەن بولاتتى، شادلىناتتى. قۇرئاننى ياد ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان، ئۇنى تىلاۋەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغان كىشىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارنى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا ئەستايىدىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنىڭ ھىدايەت كۆرسەتمىلىرىنى چۈشىنىشكە قىزىقتۇراتتى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ قەلبلىرىدە مېھىر - شەپقەت پەيدا بولاتتى. ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇلۇغلايتتى، ئاللاھتىن قورقاتتى، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن ياناتتى، ئاللاھنى رازى قىلىشتا بەسلىشەتتى، ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشىلىق يوللىرىدا مۇسابىقىلىشەتتى، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە توختايتتى، قۇرئانغا ئەمەل قىلاتتى، ئەرزىلىرىنى ئاللاھقا ئېيتاتتى، قۇرئاننىڭ مەنھەج ۋە يوللىرىدا ماڭاتتى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاندىن تەسىرلىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئۇ قۇرئاننى ناچار خورمىلارنى چاچقاندەك چېچىۋەتمەڭلار، نەزمىلەردە جۆيلۈگەندەك جۆيلۈمەڭلار، ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرىنىڭ يېنىدا توختاڭلار، قەلبلىرىڭلار قۇرئان بىلەن ھەرىكەتلەنسۇن.»

بىز مەيلى قۇرئاننى ئوقۇيلى ياكى ياد ئالايلى، مەقسىتىمىز قۇرئانغا ئەمەل قىلىش بولسۇن. قۇرئاننىڭ يادروسى بولغان تەۋھىدكە كۆڭۈل بۆلەيلى. چۈنكى تەۋھىد قۇرئاننىڭ يۈرىكىدۇر. ئىبنى قەييىم جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننىڭ ھەممىسى تەۋھىدتۇر. چۈنكى، قۇرئان يا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە شېرىكنى تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ، يا تەۋھىد ئەھلىنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ۋە شېرىك ئەھلىنىڭ جازاسىنىڭ بايانى، ۋەياكى ھالال ۋە ھارامنىڭ ئەھكاملىرى ۋە رۇبۇبىيەت تەۋھىدىنىڭ بايانى قاتارلىقلار توغرىسىدا بولغان.»

سەلەف سالىھلار قۇرئاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. قۇرئاننىڭ لەۋزى ئۇلارنىڭ تىللىرىدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەلبلىرىدە ۋە ئەمەللىرىدە بولغان. مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق دەپ كەلگەن: قۇرئان بىر كېچىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چىقىپ كېتىدۇ، تاڭ يورۇغاندا ئىنسانلارنىڭ قوللىرىدا ۋە قەلبلىرىدە ۋە كىتابلىرىدا قۇرئان قالمايدۇ. ئۇ قۇرئاننى ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.»

ئىنسانلار قۇرئاندىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈگەن، قۇرئاننىڭ لەۋزىنىمۇ ئوقۇمايدىغان، ئەقىدە ۋە ئەمەلمۇ قىلمايدىغان بولغاندا، قۇرئان كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار يۇقىرىدا ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن خەۋەر بېرىلگەن قاباھەتلىك، دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق، ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك كۈن كېلىشتىن ئىلگىرى، كۆزىمىزنىڭ نۇرى، قەلبىمىزنىڭ

شپاسی، ھایاتلىقىمىزنىڭ مەنبەسی بولغان، قولىمىزدىكى ئەڭ كاتتا نېمەت قۇرئاننى ھەققى رەۋىشتە قەدىرلەيلى!

# بىز نېمىگە موھتاج

ئۆز زامانىسىدا بەدەۋلەت ۋە شەۋكەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پادىشاھ باش ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئۆزىنىڭ ئۆزى ھۆكۈمدار بولغان مەملىكەتتە كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ۋە دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن، كاتتا، ھەشەمەتلىك بىر مەسجىد بىنا قىلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھقا كۆرە، بۇ مەسجىد شۇنداق لايىھەلىنىشى كېرەك ئىدىكى، بۇ مەملىكەتتىكى ھېچقايسى مەسجىد بۇ مەسجىدتىن كۆلەم، شارائىت ۋە كۆرۈنۈش جەھەتتە ئېشىپ چۈشمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇ ئويىدىن ناھايىتى مەمنۇن بوپتۇ ۋە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. لېكىن، پادىشاھ ۋەزىرگە بىر شەرتنى قاتتىق ئەسكەرتىپتۇ ۋە بۇ شەرتكە كىم بويسۇنماي قالسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ شەرتى شۇ ئىدىكى، بۇ مەسجىد قۇرۇلۇشىغا باشتىن ئاخىر سىرتتىن ھېچ قانداق مال ئارىلاشتۇرۇلماستىن، پۈتۈنلەي پادىشاھنىڭ شەخسىي مال - مۈلكى بىلەن پۈتتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. كىمكى ئۆز يېنىدىن بۇ مەسجىد قۇرۇلۇشىغا چىقىم قىلىشقا ئۇرۇنسا، بىلىنىپ قالسا قاتتىق جازالىنىشى قايتا - قايتا تەكىتلەندى. باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دەرھال مەملىكەتتىكى ئەڭ ئۇستا مىمارلارنى يىغىشقا باشلاپتۇ. مىمارلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا مەسجىدنىڭ قانداق سېلىنىشى ھەققىدە تەلىماتلار بېرىلگەندىن كېيىن ئىش باشلىنىپ كېتىپتۇ.

بارچە كىرىم - چىقىم ئىشلىرىغا ئوردىدىكى باش بوغالتىر مەسئۇل بولۇپ، قاتتىق نازارەت ئاستىدا سەرپلەنگەن چىقىملارنىڭ تەپسىلىي ھېساباتىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ ئارزۇسىدىكى كاتتا مەسجىدمۇ پۈتۈپ قاپتۇ. مەسجىد پۈتكەندە باش ۋەزىرى ئارقىلىق، مىمارلارغا مەسجىدنىڭ سىرتقى تېمىغا بۇ مەسجىدنى «پالانچى پادىشاھ سالدۇرغان» دېگەن كەلىمىلەرنى ھۆسنخەت بىلەن كۆركەم قىلىپ يازغۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ.

مەسجىد پۈتۈپ، كۈندىلىك نامازلار ۋاقتى ۋاقتىدا ئوقۇلۇشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ چۈشىدە، ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ كىشىلەرگە «تامدىكى پادىشاھنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار ۋە پالانچى ئايالنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار» دەپ جاكارلاۋاتقان ئىدى. پادىشاھ كېچىدە چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، دەرھال قورۇقچىنى چاقىرىپ، ئۆزى سالدۇرغان مەسجىدنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ بېقىشقا، بىرەر كىشىنىڭ كېلىپ تامدىكى پادىشاھنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن - ئۆچۈرۈۋەتمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. قورۇقچى مەسجىدكە بارغاندىن كېيىن ھەممە ئىشنىڭ جايىدا ئىكەنلىكى، ھېچ بىر ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى ھەققىدە خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشاھ بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ يەنە ئوخشاش چۈشنى تەكرار كۆرۈپتۇ ۋە ئەتىسى باش ۋەزىر ۋە بوغالتىرنى ئوردىغا چاقىرتىپ

ئۇخشاش چۈشنى ئىككى قېتىم تەكرار كۆرگەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلاردىن «مەسجىد چىقمىغا بىرەر كىشى ئاربلاشتىمۇ؟ مەن بىلمەيدىغان هالەتتە بىرەرسى ئۆز مېلىدىن مەسجىدكە سەرپ قىلدىمۇ؟» دەپ قاتتىق سوراشقا باشلاپتۇ. باش ۋەزىر كەسكىن هالەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، بارچە چىقىم پادىشاھنىڭ شەخسىي مۈلكىدىن سەرپلەنگەنلىكىنى، هېچكىمنىڭ مېلى ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن بىرلىكتە، پادىشاھتىن «چۈشلىرىدە پەرىشتىلەر قايسى ئايالنى تىلغا ئالدى؟ ئىسمى يادىلىرىدىمۇ؟»دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ چۈشىدە پەرىشتىلەرنىڭ پەقەت بىر ئايالنىڭ گېپىنى تىلغا ئالغانلىقىنى، لېكىن ئىسمىنى ئېيتمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، يەنە ئۇخشاش چۈش تەكرارلىنىپتۇ، بۇ قېتىم يەنە ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ كىشىلەرگە «تامدىكى پادىشاھنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈڭلار ۋە ئۇممۇ خەير دېگەن ئايالنىڭ نامىنى يېزىپ قويۇڭلار» دەپ جاكارلاۋاتقان ئىكەن، پادىشاھ ئويغىنىپلا دەرهال ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇممۇ خەير دېگەن ئايالنى ئۆز هۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر پۈتۈن شەھەر ئەھلىدىن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئۇممۇ خەير دېگەن ئايالنى تېپىپتۇ ۋە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى ئېلىپ كەپتۇ، پادىشاھ ئۇ ئايالنى لايىقىدا كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، چۈشىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىدىن ئەجەبلەنگەن هالدا:«ئەي ئايال، سىز بۇ مەسجىدنىڭ بىنا قىلىنىشى ئۈچۈن يېنىڭىزدىن چىقىم قىلغانمىسىز؟ ياكى بىرەر نەرسە سەدىقە قىلغانمىسىز؟» دېگىنىچە سوراقنى باشلاپتۇ. ئۇ بىچارە ئايال ئۆزىنى قانچە ئاقلىسىمۇ، پادىشاھنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇ چۈش ئادەتتىكى چۈش بولماستىن، بىر بېشارەتلىك چۈش ئىدى. ئاخىرى

ئۇ ئايال ئاۋازلىرى تىترىگەن ھالەتتە: «ئەي پادىشاھىم، مەن بىر ئاجىزە ئايال، ئۆزۈمنىڭ كۆندىلىك چىقىمىغىمۇ ئىگە ئەمەسمەن، ھەتتا باشقىلارنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىغا موھتاجمەن، مەن بۇ ھالىتىمدە قانداقمۇ مەسجىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن چىقىم قىلالايمەن؟» دەپتۇ.

لېكىن، پادىشاھ بۇ جاۋابلارغا قايىل بولماپتۇ. ئۇ ئۆز چۈشىنىڭ سىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى ساقلاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇممۇ خەير پادىشاھقا قاراپ:« ئەي پادىشاھىم، ئەگەر سىز مەندىن مەسجىد ھەققىدە نېمىش قىلغىنىمنى سورىسىڭىز، مېنىڭ جاۋابىم يۇقىرىقىدەك، پەقەت بىر كۈنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم، مەسجىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۈك توشۇۋاتقان ئېشەكلەر باغلانغان بىر جايدىن ئۆتۈپ قالدىم، ھەممە ئېشەكنىڭ ئالدىغا بىر ئىدىشتا سۇ قويۇلغان ئىدى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئېشەكنىڭ ئارغامچىسى كالتا چىگىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۇ ئىچىشكە قادىر بولالمىغان ئىدى، بۇ پېژغىرىم ئىسسىقتا ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى بولغان ئۇ ئېشەككە ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنىڭمۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە چاڭقاقلىقىنى قاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدىم ۋە ئېشەكنىڭ يېنىغا باردىم - دە، ئارغامچىنى يېشىپ، سۇ ئىچەلىگۈدەك ھالەتتە بىر ئاز ئۇزارتىپ چىگىپ قويدۇم، مېنىڭ قىلغان ئىشىم شۇ خالاس، پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۇ جانىۋارغا ياردەم بېرىپ قويدۇم» دېدى.

پادىشاھ ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ تەبەسسۇم قىپتۇ ۋە چۈشىنىڭ سىرىنى ھېس قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا ئايالغا قاراپ ئېيتىپتۇ:«ئەي ئۇممۇ خەير، ئەمدى چۈشەندىم، سىزنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلغان كىچىك

ئەملىگىز سەۋەبلىك ئاللاھ تەئالا كاتتا بىر ئەمەل ئەجرىنىڭ ھەممىنى سىزگە نېسىپ قىلىشقا ئوخشايدۇ، پەخىر ۋە رىيا ئارلاشقان ئەمەل قانچە كاتتا بولۇپ كەتمىسۇن، ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەلنىڭ ئالدىدا ۋەزنى تولىمۇ يەڭگىل بولىدىكەن.» پادىشاھ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئېيتقاچ باش ۋەزىرنى مەسجىد تېمىدىكى پادىشاھنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ئۇممۇ خەير دېگەن ئىسمىنى يېزىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ.

سۇبھەناللاھ، ئاللاھ ھەقىقەتەن كاتتىدۇر ۋە بۈيۈكتۇر، ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ھەر بىر ئەمەلنى زايە قىلىۋەتمەيدىغان زاتتۇر. ئۇممۇ خەيرنى ھېچكىم تونىماس ئىدى، نامىمۇ يوق ئىدى، ئېشەكنى سۇغۇرغىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەن، پەقەت ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە كۆرۈپ تۇرغان ئىدى، پەرىشتىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئىدى. مانا بۇ ئىخلاسنىڭ كۈچى ئىدى. خۇددى سەلەف سالىھلار ئېيتقاندەك، ئىخلاس كىچىك ئەمەللەرنىمۇ غايەت زور قىلىپ قويار ئىدى، ئەمەللەرنى ھەقىقي قىممەتلىك قىلىپ قويار ئىدى. بۇ قىسسىنى ئاڭلىغىنىمدا ئىختىيارسىز بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدە ۋە تېلېفونلىرىمىزنىڭ كامېرالىرىدا ئەكس ئېتىۋاتقان، پەخىرلىك ھالەتتە بارچىگە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان ئەمەللىرىمىز يادىمغا كەلمەي قالمىدى. ئارتۇق بايانغا تىلىم بارمىدى. بارچىمىز ئەمەللىرىمىزدىكى ئىخلاسىمىز ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا موھتاجمىز، خالاس.

## بەختلىك ئىنسانلار

بەختنى بارچە ئىنسانلار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە شەرھلەيدۇ.

بەزى ئىنسانلار بەختنى چىرايلىق بىنا ئۆيلەر ۋە قىممەت باھالىق ئۆي ئەسلىھەلىرى بىلەن ئۆلچىسە، يەنە بەزىلەر يۈز - ئابرۇي بىلەن، يەنە بەزىلىرى ھوقۇق بىلەن، بەزىلىرى بايلىقى بىلەن، يەنە بەزىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، چىرايلىق ئاياللىنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئۆلچەيدۇ.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ بەختكە بولغان كۆز قارىشى ھەرخىل. دۇنيادا بەختنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك. شۇنداق ئىنسانلار باركى، ئۇلار بەختلىرىنى يۇقىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ قارشىسىدىكى مەيداندىن ئىزدەيدۇ. قاتتىق قارلىق شىۋىرغان ۋە پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلەردە ۋايىسىماستىن، قاقشىماستىن، قاتتىق يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئاياغلىرىنىڭ لاي - پاتقاقلارغا پېتىشىدىن شىكايەت قىلماستىن، سەبىرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن، ئىسلام چېگرالىرىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن قوغدايدۇ. ئۇلارنىڭ سوغۇقلاردا ساقاللىرى مۇز تۇتسىمۇ، كىيىم - كېچەك، چاچلىرىغا توپا - چاڭ ئورنىسىمۇ قەلبلىرى ئاللاھقا باغلانغان ھالەتتە، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

سەھل ئىبنى سەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىن بولغان قامچىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىدىن ياخشىدۇر. بىر بەندىنىڭ ئاللاھ يولىدا كەچلىشى ۋە ئەتىگەنلىشى دۇنيا - دۇنيادىكى نەرسىدىن ياخشىدۇر.»

ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك تەقۋا، ئىبادەتكە ھېرىسمەن دوستى فۇدەيل ئىبنى ئىيازنى ئۇلۇغ ئىككى ھەرەمدە تۇرۇشنى تەرك ئېتىپ، رىباتتا تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىككى ھەرەمدە ئىبادەت قىلغۇچى! ئەگەر سەن بىزنى كۆرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ئىبادەتلىرىڭ بىلەن ئوينىغان يۈرگەنلىكىڭنى بىلەتتىڭ. مەڭزىلىرىنى قان بىلەن بويايدىغان كىشلەر بار، بىز قانلىرىمىز بىلەن بويىلىپ قايتىمىز.»

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: {ئى مۇئمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىڭلار. دۈشمەنلەرگە قارشى زىيادە چىداملىق بولۇڭلار. (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)} [سۈرە ئال ئىمران 200 - ئايەت]

سەھىھ ھەدىس ۋە ئەسەرلەردە، ئاللاھ يولىدا مۇھاپىزەتچى بولۇش مەككە، مەدىنە ۋە بەيتۇل مۇقەددەستە ئىبادەت ئۈچۈن تۇرغاندىن ئەۋزەلدۇر، دېيىلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ يولىدا بىر كېچە رىباتتا تۇرغان كىشى ماڭا ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا قەدىر كېچىسىگە مۇۋاپىق كەلگەن كىشىدىن سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:

«لَا تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمَّتِي عَلَى الدِّينِ ظَاهِرِينَ، لَعَدُوِّهِمْ قَاهِرِينَ، لَا يَضُرُّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ إِلَّا مَا أَصَابَهُمْ مِنْ لَأْوَاءَ، حَتَّى يَأْتِيَهُمْ أَمْرُ اللهِ وَهُمْ كَذَلِكَ. بِبَيْتِ الْمَقْدِسِ، وَأَكْنَافِ بَيْتِ الْمَقْدِسِ»

«ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇھ ھەق ئۈستىدە ئاشكارا، دۈشمەنلىرى ئۈستۈن غالىب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن باشقا، ئۇلارغا قارشى چىققانلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، تاكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى كەلگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار بەيتۇلمەقدىستە ۋە بەيتۇلمەقدىسنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ» [مۇسنەد ئەھمەد 22320 - ھەدىس، سەھىھ]

شام زېمىنىدا ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان رىجاللار بار. ئۇلار نە ھېيت، نە دەم ئېلىشنى ئويلىمايدۇ. تۆۋەندە بىر مۇجاھىدە قېرىندىشىمىزنىڭ قەلبلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان يۈرەك سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى.

## ئۆزىنى قۇربانلىققا ئاتىغان يىگىتلەر

جەڭلەر توختاۋسىز بىر رەۋىشتە داۋام ئېتىۋاتىدۇ، دىن دۈشمەنلىرى ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تەۋھىد ئەھلىنىڭ سېپىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ، رەھىمسىزلەرچە بومباردىمانلىرى بىلەن ئاجىز مۇسۇلمانلارنى يۇرت - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، گۈلىستانلارنى غېرىب خارابىلىقلارغا ئايلاندۇرۇپ ماڭماقتا. ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانلىق كۈرەشلەردە ئىمان ئەھلىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۆزىنى جەڭگاھلارغا ئاتىغان، مەزلۇم غېرىبلارنىڭ دىلىغا مەلھەم بېرىپ، ئاكىپ - خەندەكلەردە، چاڭ - توزان ئارىسىدا ئورۇن تۇتقان، شەرىئەت

ھىمايىچىلىرى، دىنىنىڭ مەشئەللىرى مەرد ئوغلانلارنى سېغىنىش ئىلكىدە ياد ئېتىپ تۇرۇۋېتىمەن.

مانا ھازىر ھەش - پەش دېگۈچە قۇربان ھېيت ئالتىنچى كۈنگە قەدەم قويۇپتۇ، توختاۋسىز چۇشۇۋاتقان راكېتا - بومبىلارنىڭ پارتلاشلىرى، جەڭگاھنى قاپلىغان ئىس - تۈتەكلىرى ئارىسىدا سالماق قىياپىتى، دۈشمەنلىرىگە ئۆزىنىڭ شەمشادتەك تىك قەددى بىلەن خىرىس قىلىپ تۇرغان يىگىتلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى رەببى يولىدا پىدا قىلغان، ئىسسىق قانلىرىنى دىن يولىدا ئاققۇزغان ھالەتلىرىدە ئىسلام ئۈممىتىگە جانلىق نىدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر شوئارنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. يەنى بۇ ئەزىز دىنىنىڭ «قۇربانلىق دىنى» ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ كۆكرىكىنى ئۈممەت ئالدىدا قالقان قىلىش بىلەن ئەمەلىي ئىسپاتلاۋاتاتتى.

ئۇلار ئىبراھىم مىللىتىنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى بىزگە جەۋلان قىلىپ بېرىۋاتاتتى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەھلى باللىرى بىلەن قۇربان ھېيتنى خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆز جېنىنى، مېلىنى، خۇشاللىقىنى، خاتىرجەملىكىنى دىن ئۈچۈن قۇربان قىلىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئۆزى ئەڭ خاتىرجەمسىز ئورۇندا تۇرۇپ ھېيت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كىشىلەر ھېيت ئۈچۈن پاكىز يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، خۇشبۇي ئەتىرلەرنى ئۆزلىرىگە سېپىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيگەندە، ئۇلار ئاللاھ يولىدىكى چاڭ - توزاڭغا مىلەنگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، دىماقلىرىنى پارتلاشتىن كېيىنكى ئاچچىق

تۇتۇن ئېچىشتۇرغان ھالەتتە ھېيتنى كۈتۈۋالغاندى. كىشىلەر قۇربانلىق قوچقارنىڭ گۆشلىرىدە ئوخشىغان شورپىلارنى سېلىپ، كاۋاپلارنى پۇشۇرۇپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەس - يادى يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەننى چېكىندۈرۈشتە بولۇپ، لەززەتنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن، ئوخشىغان تائاملاردىن ئەمەس، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشتىن، خەندەكلەردە تۇرۇپ ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ياش تۆكۈشتىن ئىزدەيتتى.

ئۇلار ئىسلام چېگرالىرىنى پىداكرانە بىر روھ بىلەن ھىمايە قىلاتتىكى، ئىسسىق پېتى قېشىغا كىرگەن تائاملارنى دۈشمەنلىرىنىڭ خار بولۇپ چېكىنگەنلىكىنى كۆرگىنىدىن كېيىن، تائاملار سوۋۇپ كەتكەن ھالەتلىرىدە ئېغىز تېگىشەتتى. دىن يولىدا تارتقان جاپا مۇشەققەتلەرنى لەززەت دەپ بىلگەن ئۇ ئەركەكلەر بىزلەرگە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى قايتا ئەسلىتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىلىرى بىلەن دىنغا قورغان بولۇشقا تىرىشتى، دۈشمىنى بىلەن بولغان ماددىي جەھەتتىكى غايەت زور پەرق ئۇلارنى ئاللاھقا تېخىمۇ بەك تەۋەككۇل قىلدۇردىكى، ماددىي ئاجىزلىقى تۈپەيلى دۈشمەنلىرىگە يول بوشىتىپ بەرمىدى، ھەر لەھزىدە ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىك ياردەملىرىگە شاھىد بولۇپ، ئىمانى ئاجىز، قورقۇنچاقلارغا تىرىك نەمۇنە بولدى.

ئى ئۇلۇغ قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە ئۆزىنى قۇربانلىققا تەييارلىغان قېرىنداشلىرىم، سىلەرنى سېغىنىمەن، سىلەرگە بولغان ھۆرمىتىمنى ھەقىقەتەن بۇ ئاددىيغىنە قۇرلار بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزمەن، سىلەرگە

كۆپ مەنۋى قەرزىمىز بار. دۇئالىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدا سىلەرنى ئەسلەش بىلەن بولسىمۇ ئۆزۈمدىكى ۋىجدانىي تۇيغۇغا تەسەللى تاپسامكەن دەيمەن.

ئى ئەزىزلەر، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بۇ بۈيۈك قۇربانلىقلىرىڭلارغا رەببى ئالدىدا شاھىد بولىدۇ ئىنشائاللاھ. غەلىبىنىڭ ئۈپۈقى ساباتلىقىڭلار ئارقىسىدا پارلاپ تۇرۇۋېتۇ، سەبىر قىلىڭلار، ئەلۋەتتە بۇ قىيىنچىلىقلاردىن كېيىن كاتتا بىر ياخشىلىق سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتلار تېخىمۇ كاتتا، ئەلۋەتتە. ئىنشائاللاھ كەينىڭلاردا مىڭلاپ ئۈممەت سىلەرگە تەلمۈرۈپ تۇرۇۋېتۇ، ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان قېرىنداشلىرىڭلار سېغىنىش ۋە ئىززەت ئىكرام بىلەن سىلەرنى ياد ئېتىۋاتىدۇ، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھقا يېلىنىپ دۇئا قىلىۋاتىدۇ، ئىنشائاللاھ سىلەر ھەممىمىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەۋەس قىلىپ قالغۇدەك بەختلىك ئىنسانسىلەر، خۇش بېشارەت ئېلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزى ھىمايە قىلسۇن ۋە ياردىمىنى چۈشۈرۈپ بەرسۇن، ھاياتى دۇنيادىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈنچە ئىمتىھان جەريانىنى ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملاشقا ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئۇلار ھەقىقەتەن بەختلىك ئىنسانلاردۇر. دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ئاخىرىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيدۇ. نامە ئەمەلى ئوڭ تەرەپ ۋە ئالدى تەرەپتىن بېرىلەمدۇ ياكى سول تەرەپ ۋە ئارقا تەرەپتىن بېرىلەمدۇ ؟

ئەمما، ئاللاھ يولىدا رىباتتا تۇرۇپ، ئاللاھ يولىدا جان بەرگەنلەر، ئىخلاس قىلغانلا تەقدىردە، راستچىللىقنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن پىتنىدىن ئەمىن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغاچقا، ئەگەر ۋاپات بولسا جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىدە بولىدۇ. بۇ بولسا مۇرابىت (يەنى رىباتتا تۇرغۇچى)لارنىڭ ئىمانىنىڭ راستچىللىقىغا بولغان ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر.

سەھىھۇل مۇسلىمدىكى ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن: بىر كېچە - كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش بىر ئاي روزا تۇتۇپ، قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىدۇر، ئەگەر ۋاپات بولسا ئۇنىڭغا ئەمەلى يېزىلىپ تۇرىدۇ، رىزىقى يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، پىتنىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.»

ئىسلام ئالىملىرى «ئاللاھ يولىدا مۇسۇلمانلارنىڭ چېگراسىنى قوغداپ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىد قەبرىدە سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ» دېگەن. بۇ نېمە دېگەن بۈيۈك مەرتىۋە، نېمە دېگەن كاتتا نېمەت ھە!

سىلەر نېمە دېگەن بەختلىك ئىنسانلار! ئى ئەزىزلەر سىلەر خۇش بېشارەت ئېلىڭلار! سىلەر پۈتكۈل ئىنسانلار ھەۋەس قىلىشقا تېگىشلىك بەختلىك كىشىلەرسىلەر!

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أفضل الأنبياء والمرسلين.

رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ساھابىلىرىدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە بولغان تارىخ بەتلىرىگە قەلب كۆزلىرىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارغا ئۆرنەك بولغۇدەك، ئىسلام تارىخىدىكى يول كۆرسەتكۈچ يۇلتۇزلار بار.

مەن بۇ ئەسىرىم ئارقىلىق ۋەتەندىن زور ئۈمىد ۋە ئارزۇلار بىلەن چىققان، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جىھادى ئۈچۈن جەڭ بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى كىچە - كۈندۈز خىيال قىلىپ، ئانا ۋەتەندىن ئاتا - ئانا، مال - مۈلۈك ۋە جىگەر پارىلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، چەتئەلنىڭ رەڭلىك ھاياتىدىن ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆز سالاھىيىتىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تاپالماي توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىردان ئاتىلارنى، ئەزىز ئانىلارنى، نەۋقىران يىگىتلەرنى، بەرنا قىزلارنى توپا ئاستىدىن تارتىپ چىقىراي دېدىم.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (كامىل) ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ئۆزۈم ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئەزىزلىرىم ئۈچۈن ياخشى كۆرەي دېدىم.

چاڭقىغان ئەدەپ بوستانىنىڭ زىبا غۇنچىلىرىغا بۇلاقنىڭ شىرىن - سۈزۈك سۈلىرىنى قولۇم بىلەن تۇتاي دېدىم. ئائىلە گۈلىستانىنىڭ مېھرلىك پەرۋىشكارلىرىنىڭ سولۇشۇپ قالماستىن ياشىرىپ، ئېچىلىپ خۇشپۇراقلارنى تارقىتىشى ئۈچۈن، دەريا سۈلىرى بىلەن سۇغۇراي دېدىم.

چۈشكۈنلۈك سەۋەبلىرى تۈپەيلى جاسارىتىدىن، قەددى - قامىتىدىن، ھىممىتىدىن، ئىرادىسىدىن ئايرىلاي دەپ قالغان ئەلگە باش، بىر قوشۇنغا سەركە بولغۇدەك يىگىتلىرىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتاي، دېدىم.

بىز بىلەن بىر زاماندا، تەقدىرداش بولۇپ ياشاۋاتقان بىر جۈپ ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئۆلگىلىك ھاياتى ئارقىلىق، قەلب كېسەللىرى بىلەن يۈرىكى ئاغرىپ ئىڭراۋاتقانلارغا شىپا بولىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىپ قوياي دېدىم. خەدىچە ئانىمىز بىلەن ئاتىمىز ئوغلىنىڭ كۆپ تىرىشچانلىقى بىلەن، يېڭى سالغان، چىرايلىق ئايۋانلىق ئۆيلىرىنى، يۇرتتىكى ئىززەت - ھۆرمىتىنى، ئۇرۇق - تۇغقان، بۇرادەرلىرىنى، يۈرەك پارىسى بولغان ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزىنى تاشلاپ قويۇپ، ئوغلى بىلەن بىللە، 2015 - يىلى ساياھەت ئۆمىكى تەركىبىدە تۈركىيەگە سالامەت چۈشۈپ، تۆت كۈندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى نىشانى بولغان ھىجرەت ئىبادىتىنى قىلىش ئۈچۈن بەرىكەتلىك شام زېمىنىدىكى، پۈتۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەخىرلىنىشىگە، ياردەم بېرىشىگە، قوللىشىغا، بىرلىشىشىگە لايىق بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» جامائىتىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ يېنىغا ئاتلانغانىدى.

ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن، 2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سالامەت ئارزۇ قىلغان دىيارغا يېتىپ كەلدى. خەدىچە ئانىمىز، ئېرى ۋە ئوغلى، كېلىنى، تۆت نەۋرىسى بۇ ئەزىز دىيارغا بىرلىكتە كەلگەندى. ئوغلى كېلىپلا جامائەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۈچ ئايلىق ئەسكىرىي بىلىم ئېلىش مەكتىپىگە كىرىپ كەتتى. ئانىمىز، كېلىنى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بىللە تۇردى. ئۇ ۋەتەندە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، نامازلىرىنىمۇ جايىدا ئوقۇيالمىغان، بەزىدە ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولغان ۋاقىتلاردا نەپلە ناماز ئۇياقتا تۇرسۇن، پەرز نامازلارنىمۇ ئوقۇيالمايتتى. ئىززەت ماكانى بولغان شام دىيارىغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ، سۈس قاراپ قولدىن بېرىپ قويغان نامازلىرىنى ئېرى بىلەن بىللە ئوقۇدى. بەزىدە ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن يۇرتىنى ۋە جىگەر پارىسى بولغان پەرزەنتلىرىنى سېغىنىپ، پىغانى تۇتۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا، جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ نامازلىرىدا ئىلگىرى ھېس قىلمىغان قەلب راھىتىنى ھېس قىلاتتى. ئوغلى مۇئەسكەرلىكنى تاماملاپ چىققاندا، خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئوغلىغا قىلغان تۇنجى سۆزى: «جېنىم بالام! داداڭ بىلەن مېنى 5 يىل بۇرۇن ئېلىپ چىقساڭ بوپتىكەن» دېيىش بولدى.

ئوغلى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇجاھىدلار سېپىغا قوشۇلغىنىغا خۇرسەن بولغىنىنى كۆرۈپ، مەمنۇن بولدى. نېمىشقا شۇنداق خۇرسەن بولمىسۇن؟ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرخىل ھىيلە - نەيرەڭلىرى بىلەن خەلقنى دىنسىزلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئاسارىتىدە دىنىدىن ئايرىلاي دەپ قالغان بۇ ئىككى قەدىناس بىر جۈپلەر، ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىشى،

مەرھەمەت - پەزلى، ئېھسانى بىلەن ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولغان مۇجاھىدلار سېپىگە قوشۇلۇش نېمىتىگە مۇيەسسەر بولغان تۇرسا!

ئاتا - ئانىلىرىنى سېغىنىپ يۈرەكلىرى تىلغىنىپ، ئىزتىراپ چېكىۋاتقان مۇجاھىدلار ۋە مۇجاھىدەلەر بۇ بىر جۈپ ئەر - ئاياللىنى كۆرگەندە، خۇددى ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەندەك، قەلبلىرى ھاياجانغا، كۆزلىرىگە لىققىدە ياشقا تولاتتى. ياشلار ئۇلاردىن روھىي ئوزۇق ئالاتتى. نېمە دېگەن خاتىرجەم تۇرمۇش بۇ؟! ئۆيىنىڭ ۋە يېمەك - ئىچمەكنىڭ غېمى يوق. بارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئاللاھ تەئالا جامائەت مەسئۇللىرىنىڭ قولى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىۋاتسا، بۇ ئىززەت ماكاندا ئىبادەتتىن باشقا نېمە بار؟

ئۇنىڭ كېلىنى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان بولۇپ، قېيىناتىسى بىلەن قېيىنانىسىنىڭ خىزمىتىنى ئىنتايىن ياخشى قىلغاچقا، ئۇلار كېلىنىدىن رازى ئىدى، ئۇنى ئۆز قىزىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. كېلىنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى شۇنچىلىك چىرايلىق، رازىمەنلىك بىلەن قىلاتتى. بىر كۈنى خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئېرى مەھەللە مەسئۇلىنىڭ چاقىرىشى بىلەن مەن شۇغۇرغا بېرىپ كېلەي دەپ كەتتى. ئانىمىز ئوغلىنىڭ تۇنۇگۈن كۆرۈشكەندە ھاۋالە قىلغان ئىشىنى بېجىرىشكە سىرتقا ماڭدى. كېلىنىنىڭ تۇتۇلماي قالغان 12 كۈنلۈك رامزان روزىسى ئۈچۈن كەففارەت پۇلىنى مەھەللىدىكى شېھىدنىڭ ئەھلىگە ئەپ چىقىپ بېرىپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ چۈشلۈك تاماقتا تۇتۇشى بىلەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ساھىبخان لەغمەن ئەتكەن بولۇپ، خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئالدىغا ئىنچىكە تارتىلغان، ئوخشىغان لەغمەننى ئېلىپ كەلدى. خەدىچە ئانىمىز ئاشتىن ئازراق يەپلا قويۇپ قويدى.

ئۆي ئىگىسى زورلىغان بولسىمۇ، ئانىمىزنىڭ گېلىدىن پەقەت ئۆتمىدى. كۆڭلى بىرخىل بىئارام ئىدى. شۇ پەيتتە ئىشىك ئالدىغا ماشىنا كېلىپ توختاپ، ئۆيگە ئۇزۇن يىللىق قەدىنىسى كىرىپ كەلدى. ئېرىنىڭ چىرايى سۇلغۇن كۆرۈنەتتى. خەدىچە ئانىمىز ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئېرى كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ: «ئوغلۇمنى ۋە قىزىمنى، ئىككى نەۋرىمىزنى مەڭگۈلۈك ئۆيى بولغان قەبرىستانلىقتا ئاپىرىپ قويۇپ كەلدۇق» دېيىشىگىلا، خەدىچە ئانىمىز «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتتى. كېچىدىن كاپىرلارنىڭ بومباردىمان قىلىشى بىلەن، ئىنشائاللاھ ئۇلار شېھىد بولغان ئىدى. ئوغلى 20 كۈن ئىلگىرى چۈشىدە ئاپپاق جەڭ كىيىمى كىيگەن كىشلەرنىڭ سەپ بولۇپ ماڭغىنىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

خەدىچە ئانىمىز ئارقىدىنلا: «ئوغلۇم، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل كېلىنىم ۋە نەۋرىلىرىم ئاللاھقا ياراپتۇ. ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن! مەن پەرزەنتلىرىمدىن شۇنچىلىك رازى. ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئالىيسى بولغان فىردەۋس جەننىتىنى ئاتا قىلغىن ۋە مەن بىلەن دادىسىنىڭ ساڭا ئاتىغان سوۋغىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن» دېدى.

بۇ نېمە دېگەن جاسارەتلىك، غەيرەتلىك، سەبىرچان ئەر - ئايال ھە! بۇ ئىسلام تارىخىدىكى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەسلىتىدىغان پىداكار روھتۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدە قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشتا خەنسانىڭ ئىككى قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلىمگە قايغۇرۇپ

يازغان پىغانلىق مەرسىيەلىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ناھايىتى تېزلا خەنسانى ئەڭ شۆھرەتلىك شائىرغا ئايلاندۇرغان. خەنسانىڭ شېئىرلىرىنى پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكى دەۋرىدە، خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۆت ئوغلى بىلەن بىللە، مۇسۇلمانلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ھىجرىيەنىڭ 16 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇش تۆت كۈن شىددەتلىك داۋاملىشىپ، ئىران ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى رۇستەم ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەسكەرلىرى ئەسىر ئېلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان. جەڭدىن ئىلگىرى خەنسا ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگەن «ئوغۇللىرىم! سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن مۇسۇلمان بولدۇڭلار، ئۆز مەيلىڭلار بىلەن ۋەتىنىڭلارنى تەرك ئېتىپ، بۇ يات تۇپراققا كەلدىڭلار، تەڭدىشى يوق ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان نەسەبى پاك ئوغۇللارسىلەر، دىن ئۈچۈن جەڭ قىلماق، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىچ تارتماق زور ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئىشتۇر. ئاخىرەت يۇرتى قارارى يوق پانىي دۇنيادىن ئەۋزەلدۇر. سالامەت ھالدا ئەتە سۈبھى پەيتىدە كۆزۈڭلارنى ئاچساڭلار، ئاللاھتىن مەدەت - ياردەم تىلەپ جەڭگە كىرىڭلار، ئەگەر جەڭ شىددەتلىك بولسا، تاكى دۈشمەن سېپىگە بېسىپ كىرىپ مەغلۇپ قىلمىغۇچە كەينىڭلارغا ياناڭلار، شۇندا ھەم غەلىبە، ھەم غەنىيمەت سىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. جەننەتى ئەئلادا ئىكرام ۋە ھۆرمەت كۆرىسىلەر.»

خەنسانىڭ ئوغۇللىرى ئانىسىنىڭ نەسىھىتىگە ئەمەل قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، تۆتىلىسى شېھىد بولغان. بۇ خەۋەر خەنساغا

يېتىپ كەلگەندە، ئۇ: «ئوغۇللىرىمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يۈزۈمنى يورۇق قىلغان ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلىمەن، رەببىمدىن ھەممىمىزنى جەننەتتە جەم قىلىشىنى سورايمەن» دەپ دۇئا قىلغان. بۇ ھاياتىدا نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى، جاپا - مۇشەققەتلەرنى بىرگە تارتىپ، بىر - بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزئارا يول قويۇپ، تەڭ دەرد تارتىپ، تەڭ خۇشال بولۇپ ھايات مۇساپىسىنى بىللە باسقان، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئەر - ئايالمۇ ئۆزلىرىنىڭ پات يېقىندا ئوغلى ۋە كېلىن قىزى، ئىككى نەۋرىسى بىلەن جەننەتۇل فىردەۋستە جەم بولۇشىنى ئاللاھتىن قانچىلىغان دۇئالىرى ئارقىلىق تىلەش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىمۇ شېھىدلىكنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. خەدىچە ئانىمىز 80 ياشقا، ئاتىمىز 97 ياشقا كىردى. ئۇلار شۇنچىلىك جۇشقۇن، خۇشال - خۇرام ھالەتتە ھاياتىنى بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە. مۇجاھىدلار ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلارغا پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغانلىقنى چاندۇرماستىن، ئېغىر - يەڭگىل ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. قوشنىلىرىمۇ ئۇلارغا شۇنچىلىك كۆيۈنىدۇ. جامائەت مەسئۇللىرى ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ تۇرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماقچى بولغىنىدەك، پەرزەنتلىرىنى رەببىگە ئاتاش نېمە دېگەن كاتتا بەخت ھە! بۇ پىدا قىلىش مەڭگۈلۈك جەم بولۇپ، ئايرىلماسلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

بۇ يىل يامغۇر يىللارغا قارىغاندا بەك ياغدى.

بەرىكەتلىك زېمىن شامىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبەسى بولغان زەيتۇن، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن ئاسماندىن ياغقان يامغۇرلار ئارقىلىق مول ھوسۇل بېرەتتى.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە سۈرە فۇرقاننىڭ 48 - ئايىتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

{ئاللاھ رەھمىتىنى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇشخەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۇرۇش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.}

بۇ ئىززەتلىك ماكاندا 2 - ئايدىن 5- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن زېمىن ياپيېشىللىققا چۆمگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەرخىل رەڭگارەڭ ئېچىلغان سەرخىل گۈللىرى ئارقىلىق غېرىب مۇساپىرلارنىڭ قەلبلىرىگە، غېرىب بولغان دىنى ۋە ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللىرى زالىملار تەرىپىدىن چەيلەنگەن ئانا تۇپرىقى بولغان ئەزىز ۋەتىنى ئۈچۈن ئۇنسىز ياش تۆكۈۋاتقان مىسكىن يۈرەكلەرگە خۇشاللىق ۋە راھەت ئېلىپ كەلسە، كۆركەم، چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرگە قونۇپ، ئاللاھنى زىكىر قىلىشتا بەسلىشىپ، شوخلۇق بىلەن شاختىن شاخقا ئۇچۇپ يۈرگەن چىرايلىق قۇشلارنىڭ ھەرخىل

ئاۋازلاردا سايراۋاتقان خۇش ناۋاسى غەمكىن قەلبلەرگە ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق ئېلىپ كېلەتتى.

بولۇپمۇ بىزنىڭ مەھەللە تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى بولغان پاك يامغۇر سۇلىرى ئارقىلىق قىشنىڭ ياقى توپا - چاڭ باسقان، ئۆيلەردىن چىققان كۆمۈرنىڭ ئىسلىرى قارىداتقان دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شۇنچىلىك پاكىز يۇيۇش ئارقىلىق ئەتراپقا گۈزەللىكنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى.

ئاللاھ تەئالانىڭ مۇھەممەد ئۈممىتىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى، ئايلارنىڭ سۇلتانى، ياخشىلىقتا بەسلىشىدىغان، گۈزەل ئەخلاقلار ئومۇملاشقان، ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى كۈچەيگەن، تەقۋالىقتا ھېرىسمەن بولىدىغان، سېخىيلىقلار كېڭەيگەن، مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈلىدىغان، بەرىكەت بىلەن توشقان، قۇرئان قەلبلەرنىڭ نۇرى بولغان رامزان ئېيىدا قەلبلەردىكى قارا چېكىتلەر تازىلىنىپ، ئاپپاق سەدەپ مارجانغا ئوخشاش بولغىنىدەك.

بۈگۈن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بەكلا يېرىم ئىدى. ھەممە يېرىمدىن يىغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆيۈمدە پىنھان ھالەتتە ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ تازا بىر يىغلىۋالغۇم كەلدى - يۇ، بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى ئەرش ئۈستىدىكى بۈيۈكلىكى ۋە كاتتىلىقى بىلەن بولغان سەلتەنەتلىك ئاللاھتىن ھايا قىلدىم. مېھرىبان، سېخىي، مۇتلەق غالىب بولغان ئاللاھ ماڭا نۇرغۇنلىغان نېمەتلەرنى بەرگەن بولۇپ، بۇ ھېسابسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن سەبىر قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ

قەلبلىرى ئىسلاھ بولىدىغان، قەلبلەر ئاللاھقا باغلىنىپ، ئىمانىنىڭ ھوزۇر ھالاۋىتىنى تېتىش ئارقىلىق دەردلىك قەلبلەر راھەتلىنىدىغان، سالىھ ئەمەللەرگە ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىلىدىغان، گۇناھلاردىن پاكلىنىدىغان، بەرىكەتلىك ئاي رامزاننىڭ شۇنچە تېز چىقىپ كەتكىنىدىن كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتە پۈتكۈل دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روزى ھېيتى بولۇپ، يېقىن - يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى ھېيتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر ئائىلىگە ياكى بىرەر ئورۇنغا توپلىشىپ ھېيتنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. ھېلمۇ شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ھېيت كۈنلىرى ھەدە - سىڭىللار ۋە ئاكا - ئۇكا ۋە كۈيئوغۇللارنىڭ ھەممىسى ئانام بار ئۆيگە يىغىلىپ، ھېيتنى شۇنچىلىك خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزەتتۇق.

ئەمما، مەن مۇھاجىرلىق ھاياتقا قەدەم قويغاندىن تارتىپ، ھېيتلارنى ۋەتەندىكىدەك خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشتىن مەھرۇم بولدۇم. ئاشۇ بەختلىك كۈنلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە، كۆزلىرىمدىن ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. ياشلىرىمنى باشقورالمىدىم. يېقىنىمنىڭ ياقى ياشلىرىم كۆزۈمدىن ئاقماستىن يۈرىكىمگە سىرغىۋاتاتتى. كىچىك بالا تازا يىغلاپ ئېسەدىگەندەك ئېسەدەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. كۈن ئۆتكەنسېرى غېرىبلىق، ۋەتەن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرگە بولغان سېغىنىش كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ يۈرەكنى زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدىكەن. مۇڭداشقۇڭىز، سىرداشقىڭىز كېلىدىكەن، بىراق ئەتراپىڭىزدا سىزنىڭ مۇڭلىرىڭىزغا مۇڭ بولىدىغان، دەردلىرىڭىزنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، سىزگە ئىككى ئېغىز شېرىن سۆزلىرى بىلەن تەسەللى

بىردىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ھەممە ئادەمنىڭ قەلبلىرىنى خاراكتېرى ئوخشاش بولغان دەردلەر چۇلغىۋالغان بولغاچقا، بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتى يوق.

شۇ ئەسنادا ئاللاھ تەئالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايىتى ئېسىمگە كەلدى. {(بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان - زەخمەتلەرگە) سەبىر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن.} بۇ ئايەت مېنىڭ روھىيىتىمنى كۈچلەندۈرۈپ، ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھىجابلىرىمنى كىيىپ، دوستلىرىمنىڭ قىلغان ھاۋالىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشىمغا تۈرتكە بولدى.

ئىنسانلار گۈللەرنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، گۈللەرگە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملارنى قويۇشىدۇ. بۇ يەردە 12 - ئايدىمۇ رەڭگى ياقۇت رەڭ، شۇنچىلىك چىرايلىق ئېچىلىدىغان گۈللەر بار. بۇ گۈل قاتتىق سوغۇقلاردىمۇ قۇرۇپ سولۇشۇپ قالماستىن، گۈزەل ھالەتلىرىنى يوقاتماستىن، غەمكىن قەلبلەرگە راھەت، خۇرسەنلىك ئېلىپ كەلگەچكە، مەن ئۇ گۈللەرگە «سەبىر گۈلى» دەپ نام بەرگەندىم.

قېرىنداش ۋە دوستلىرىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئەسىر ۋە شېھىدنىڭ ئەھلى، پەرزەنتلىرىگە ھېيتلىق بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىرمۇبىر كىردىم. مەيلى ئانىسى ياكى پەرزەنتلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى شۇنچىلىك يېرىم ئىدى، يۈزلىرىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

بۇ ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىز ھەقىقەتەن سەبىرچان، چىداملىق، غەيرەتلىك بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ سەبىرلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى،

ئىززەت ماكاندا سابىت تۇرۇشلىرىدىن سۆيۈنەتتىم ۋە ئۇلارغا شۇنچىلىك ھېسداشلىق قىلاتتىم. چۈنكى، بۇرۇنقىلاردا «قول سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنغانلار بىلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بىر ئايال كىشىنىڭ مۇساپىرچىلىقتا ئېزىلىپ كەتكەن يۈرەكلىرى بىلەن پەرزەنتلىرىگە ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ، بىر ئائىلىنى يېتەكلەپ مېڭىش ئاسان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالدىنىڭ يەتتە، كەينىنىڭ ئۈچكىچە پەرزەنتلىرى بار. بۇ ئەزىز مۇجاھىدە ھەمشىرىلىرىمىز پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئامانىتى دەپ بىلىپ، پەرزەنتلىرىنى ئىمانى ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ياخشى تەربىيەلەپ، ھەممىسىگە قۇرئاننى ياد ئالغۇزۇپ، قارى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى.

بۇ جەرياندا ئۇلار نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بىلەن ئىمانىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

{ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ}

{(ئى مۇھەممەد!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەبرىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.}

ئۇلار بۇ جاپالىق سەپەرنى ئېغىر - بېسىقلىق، تەمكىنلىك بىلەن داۋاملاشتۇرماقتا.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئېرى ۋەتەندە كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىدە، يەنە بەزىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولماي،

ئىنشائاللاھ شېھىد بولۇپ كەتكەن. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئېرى بولسا خىتاي كاپىرلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە نەسىھەتلىرى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى تولىمۇ گۈزەل رەۋىشتە ئادا قىلماقتا.

ئانا بالىلارنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ھېسابلىنىدۇ، ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىدىسى، ئىمانى، ئەخلاقىغا كۆرسەتىدىغان تەسىرى ئالاھىدە بولغاچقا، جامائىتىمىزنىڭ ئوغۇل - قىزلارنىڭ شەرئىي ئىلىملەرگە قوشۇپ باشقا بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىدىغان دىنىي مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بىرگە، بۇ دىللىرى سۇنۇق، قەلبى ئاق، سەممىي، تىرىشچان، قانائەتچان ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىز پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر - ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەن ھەدىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاياللارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە، تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆز تالانت - ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇشىنىڭ مۇكەممەل ئۆرنىكىنى ياراتقىنىدەك، بۇ سەبىر گۈللىرىمۇ ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتلىرىغا بىنائەن، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ھەقىقى بىر ئايال بولۇپ، ئىسلامىي جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ۋە كەلگۈسى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىرى بولغان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق، ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىنى جىھادىي ئاڭ بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرمەكتە.

ئۇلار ئەۋلادلىرىنىڭ تۈنجى باغۋىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئۆگىنىشنى ھوقۇق دائىرىسىدىن مەجبۇرىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەنلىكتىن ئىبارەت تەرپىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيەلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ ماڭماقتا.

بۇ سەبىر گۈللىرى، ئۆزلىرىگە كۆيۈنىدىغان، مۇلايىملىق بىلەن ئاسرايدىغان، ئۇلارنى بەرنا دىلبىرى سۈپىتىدە ياخشى كۆرۈپ قوغدايدىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ دادىلىرى بولغان يولۋاس كەبى سەركىلىرىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلغان بولسىمۇ، كېلەچىكى بولغان ئەۋلادلارنى تەربىيەلىگۈچى، ياۋدىن قوغدىغۇچى ئوت يۈرەك ئوغلانلارنى، ئۈممەتنىڭ بىر شاخچىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيا سەھنىسىدىكى يوقالماس ئۈممەتنىڭ قاتارىغا تىزغۇچى تالانتلىق ئىلىم ۋە جىھاد باھادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مىسكىن قەلبلىرىنى ئىلىم بىلەن قورالاندۇرۇپ، چۈشكۈنلۈكنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماستىن، سەبىرچانلىق بىلەن ياشىماقتا. بۇنىڭغا ئوخشىغان سەبىر گۈللىرى بۇ يەردىلا بولماستىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سۇسىزلىق بىلەن قاغجىراپ كەتسىمۇ، سۇ قۇيۇپ ئاسرىلىشقا ۋە كۆيۈنۈشكە موھتاج بولسىمۇ، يەنىلا جاسارەت بىلەن ئېچىلىپ، جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈزەللىكى بىلەن ئەتراپقا ئۆزىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى چاچماقتا.

ئې دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق چىدامچان، سەبىرچان، غەيرەتلىك، يۈرەكلىرى ئانا ۋەتىنى، ئانا يۇرتلىرى

ئۇچۇن كۆيۈۋاتقان، كۆز ياشلىرى كۆزدىن ئەمەس، يۈرىكىگە ئېقىۋاتقان ئەزىز مۇسلىمە ھەدە - سىڭىللىرىم! خۇش بېشارەت ئىلىڭلار!

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

{ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ (12) ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ (13) جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ (14) ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ (15—16)}

ئاللاھ بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسلىمە ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ سەبىرلىرىنى زىيادە قىلىپ بەرسۇن ۋە ئاخىرەتتىكى كاتتا نېمەتلەرگە مۇيەسسەر قىلسۇن، امين!

تۈيۇقسىز ھاۋا قاتتىق سوۋۇپ كەتتى.

مەشكە ئوتنى شۇنچە قالساممۇ، ئۆي پەقەت ئىسسىمايۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۆيدىمۇ قېلىن كىيىنىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى.

بۇ يەردە قىش كۈنلىرى تۇرمۇش ھەقىقەتەن جاپالىق، ئەمما قەلبىمدە بىرخىل راھەتلىك بار. چۈنكى، بۇ ئەزىز زېمىننىڭ ھەممە نەرسىسىگە ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن بەرىكەت بەرگەن ئىكەن. دۇنيانىڭ غەم - قايغۇلىرىدىن خالىي بولغان روھ ئىگىسى جىسمانىي تەرەپتىكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيدىكەن.

ئىنساننىڭ ھاياتى ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتقاندەك: {(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر» دېگەندەك بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن تارتقان بارلىق جەبىر - جاپالار ئىنساننى خۇددى پولات ئوتتا تاۋلىنىپ چىققاندەك تاۋلاپ، تەۋرەنمەس، مۇستەھكەم ئەزىمەتكە ئايلاندۇرىدىكەن. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دېگەندەك، مۇئمىننىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ئۈستىدە ئىكەن. نېمەتكە ئېرىشكەندە شۈكۈر قىلىدىكەن، مۇسىبەت يەتكەندە سەبىر قىلىدىكەن.

قەلبلىرىم ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئەزىزلىرىمنى ئەسلەش، سېغىنىش، ئىزتىراپ چېكىش، جۇدالىق دەردى ئىچىدە قاتتىق

يۈچۈلنىۋاتقان بولسىمۇ، مەڭگۈلۈك دۇنيادىكى (يەنى ئاخىرەتتىكى)، ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان، ئاسمان - زېمىنىنىڭ كەڭلىكىدەك كاتتا بولغان، ئەڭ گۈزەل ئورۇن جەننەتتىكى ۋىسال شادلىقىنى ئويلاپ، كۆز چاناقلىرىمدىن ياش ئەگىگەن ھالدا، خىيال كەپتەرلىرىم يىراقلارغا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ئائىلەمگە كىيدۈرۈلگەن «سىياسىي» دېگەن قالپاق تۈپەيلى مەن ھىجرەت سەپىرىنى قاچاق يول ئارقىلىق بېسىشقا مەجبۇر بولغانىدىم. راستىنى ئېيتسام، يۇرتۇمدىكىلەر مېنى قاچاق يولدىن ماڭىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىكەن. ھازىرمۇ مېنىڭ قاچاق يولدىن چىققىنىمغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. دەرۋەقە، قاچاق يول ئىنتايىن جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىدى.

مەن ئۆزۈممۇ بەزىدە ئاشۇ رىيائاللىقتىن چەتنىگەن سەپەرنى بېسىپ چىققىنىمغا ھەيران قالىمەن. ئەسلىدە ماڭا ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، ھىجرەتكە بولغان ئىشتىياق، جىھاد ئىبادىتىگە بولغان ھېرىسمەنلىك كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلاپ، مېنىڭ ھاياتىمدا ئېسىمدىن چىقمايدىغان شۇ سەپەرنى بېسىشىمغا تۈرتكە بولغان ئىكەن.

سەپەر ئۈستىدە ئەزىز قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆيۈنۈشى، ياردەم بېرىشى، مېنى ئاسرىشى نەتىجىسىدە، ئانا يۇرت، ئەزىز ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئالتە ئايدا ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن تۈركىيەگە سالامەت يېتىپ كەلدىم.

ئاللاھ تەئالانىڭ مېھرىبانلىقى نېمە دېگەن بۈيۈك، نېمە دېگەن كاتتا ھە! ئاللاھ ماڭا بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىلمىلىك ۋە ئەخلاقلىق قېرىنداشلىرىم بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى ئاتا قىلدى.

ئۇلار ماڭا شۇنچىلىك كۆيۈنەتتى، ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىمنى ئېرىنمەستىن قىلىپ بېرەتتى. ئاغرىپ قالسام دوختۇرخانىدىن دورا ئەكېلىپ بېرەتتى.

ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئەزىز دوستۇم ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ماڭا كۆيۈنۈشلىرى ۋە ماڭا ياردەم بېرىشلىرى، قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببەتلىرى ئارقىلىق ماڭا ئىسلام دىنىمىزنىڭ نەقەدەر گۈزەل بىر دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇساپىرلىق، غېرىبلىق، جۇدالىق، ھىجران ئازابلىرىدا تىلغىنىۋاتقان يۈرىكىمگە مەلھەم بولاتتى. قەلبىمگە چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسىدىغان پەردە ئىدى. مەن گەرچە بۇ ھىجرەتتىن ئىبارەت بولغان ئۇزۇن مۇساپىنى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە پەزلى بىلەن يالغۇز باسقان بولساممۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە ئېھسانى ئارقىلىق ماڭا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمدەك مېھىر - مۇھەببەتلىرى بىلەن ئىسلامىي دوستلۇقنى تولىمۇ گۈزەل بىر رەۋىشتە ھېس قىلدۇرىدىغان ئىسلامىي قېرىنداشلارنى ھەدىيە قىلغان ئىدى.

ئاللاھ نېمە دېگەن بۈيۈك! نېمە دېگەن سېخىي ھە!

مەن ئۇلار بىلەن مالايسىيادا تۇرغان ۋاقتىمدا، رەببىمنىڭ مەرھەمىتى، ئاندىن قالسا قېرىنداشلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن تونۇشقان ئىدىم. مەن تۈركىيەگە كەلگەن ۋاقتىمدا، ئۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىم ماڭا ئۆزىنىڭ ئىستانبۇلدىكى بىر يۇرۇش ئۆيلىرىنى تەييارلاپ قويغان بولۇپ، مەن خاتىرجەم ھالدا شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشقان ئىدىم.

مەن كۆڭلۈمدە، ئاي توشسا ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىمەن دەپ ئويلىغانتىم. ئاي توشقان ۋاقىتتا، مەن ئۇلارغا ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بەرمەكچى بولغىنىمدا، ئۆي ئىجارىسىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دوستۇمنىڭ يولدىشىنىڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلىك سۆزلىرى ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ: «بىز سىللە بىلەن دىنىي قېرىنداش، ھاياتىي دۇنيادا دىنىي قېرىنداشتىنمۇ ياكى ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان دوستلاردىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك نەرسە بولمايدۇ. بىز بۇ ئۆينى سىلەردەك قېرىنداشلارغا تەييارلاپ قويغان. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىش بىز ئۈچۈن شەرەپ، ئاللاھ تەئالانىڭ بىزنى بۇ ئىبادەتلەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىنى ئۈچۈن ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر ئېيتىمىز. ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى چىڭىتىش ئىسلامنىڭ ئۇلىنى چىڭىتقانلىقتۇر، كاپىرلارغا قارشى مۇستەھكەم سەپ بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدۇر.»

ئۇنىڭ قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىققان سەممىي سۆزلىرى مېنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆز يېشى قىلىشىمغا سەۋەب بولغان ئىدى.

مەن شۇ تەرىقىدە، ئۇ ئۆيدە خېلى ئۇزۇن ئىجارە تۆلىمەي ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ بۇ سەممىي مۇئامىلىسى، مېنىڭ مۇھاجىرلىق ھاياتىمدا ئۇچرىغان جاپا - مۇشەققەت ۋە ھەرخىل ئىمتىھانلارغا بوي ئەگمەستىن، چىدامچانلىق ۋە سەبىرچانلىق بىلەن جاپالىق كەچۈرمىشلىرىمنىڭ سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىپ قالماستىن، ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمغا تۈرتكە بولدى. چۈنكى، يېنىڭىزدا سىزنى ياخشى كۆرىدىغان، سىزگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە يار - يۆلەكتە بولىدىغان، سىزنى قوللايدىغان،

رىغبەتلەندۈرىدىغان قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ۋە دوستلىرىڭىزنىڭ بولۇشى، سىزنىڭ ھەر جەھەتتە يۈكسىلىسپ، غېرىب بولغان دىنىمىز، ئۈممەت تەرەپتىن ئۇنتۇلغان خەلقىمىز ئۈچۈن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە كۆپ ياردىمى بولىدىكەن.

كېيىن مەن باشقا ئۆيگە كۆچۈپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمدىمۇ، شۇ دوستۇمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى ئېلىپ تۆلىدىم. ئۇلارنىڭ سېخىيلىقى، مېھنەتسىز ياردەملىرى ماڭا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ئەسلىتەتتى.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە، (كامىل) ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»

بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھەربىرىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھى بويىچە مۇئامىلە قىلغاندا، بىر - بىرىمىزگە قىلغان سەمىمىيىتىمىز يېتەرلىك بولغان بولىدۇ. ھەربىرىمىز باشقىلارنىڭ بىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، بىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق يېقىملىق، سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز شەرت.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مۇئمىن مۇئمىنگە نىسبەتەن بىر بىناغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىنى چىڭىتىدۇ» دەپ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى گىرەلەشتۈرگەن ئىدى.

ئەتراپىمىزغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، ئۆزلىرىنىڭ مېھنەتسىز، ھېچنەرسە تەلەپ قىلماستىن پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياردار، ئاجىز،

كېسەل قېرىنداشلىرىمىزغا ھېسداشلىق ۋە مېھرىبانلىق قىلىش ۋە سىلىق - سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ياردارلارنىڭ قەلبىگە ئۈمىدۋارلىق، ئاجىزلارنىڭ قەلبىگە كۈچ - قۇۋۋەت، چوڭلارنىڭ قەلبىگە خۇشقۇنلۇقنى ئېلىپ كېلىۋاتقان پىداكار ئەزىزلىرىمىز ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە.

سەككىز يىلنىڭ ياقى جەڭدە يارىلانغان، بېشىدىن باشقا يېرىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدىغان، قەلبى ئاللاھقا 24 سائەت باغلانغان، ئىنشائاللاھ ھايات شېھىد ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ئېرىنمەستىن، ۋايىسىماستىن، شىكايەت قىلماستىن، بوشىشىپ قالماستىن، سابىت تۇرۇپ ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىۋاتقان پىدائىي سىڭلىمىزنىڭ يېنىغا بىر يىلنىڭ ئالدىدا قوشنا مەھەللىدىن بىر ئەر - ئايال قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زەخمى بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ كېلىپ، «قانداق ئىشلىرىڭلار بار؟ بىز قىلىپ بېرەيلى» دەپ، ئۆزۈن يىلدىن بېرى كېسەل ئېرىنى بېقىپ چارچىغان سىڭلىمىزنىڭ ئېغىر - يەڭگىل ئىشلىرىنى كۆيۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشىدەك قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىپ بەرگەن.

ئۇلار يەنە «بۈنىڭدىن كېيىن، سىلەرنىڭ نېنىڭلارنى بىز يېقىپ بېرەيلى» دېگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇلاردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلماستىن، ماددىي نەرسە تاما قىلماستىن، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن نېنىنى يېقىپ بېرىپ كەلگەن. ھەتتا ئۇلار «ناننى كېسەلگە لايىق ياقامدۇق؟ قانداق دېسەڭلار شۇنداق يېقىپ بېرىمىز» دېيىش ئارقىلىق ھەرقېتىم قىزغىنلىق بىلەن ناننىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا ئەھۋالنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن

سوراپ، ئۇلارنىڭ نانلىرىنى ئىزچىل يېقىپ ئەكېلىپ بەرگەندىن سىرت، ئەتراپىدىكى كېسەللەرنىڭ، ياشانغانلارنىڭمۇ نانلىرىنى يېقىپ ئەكېلىپ بەرگەن. بۇ بىرنەچچە ھەمشىرىمىز ھەمكارلىشىپ، بۇ ئىبادەتنى ئىخلاس ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن قىلىپ، مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدەلەرنىڭ ئارىسىدا تەسىرلىك، ئۇنتۇلغۇسىز، يارقىن ئوبرازلارنى ياراتقان .

ياردار ئائىلىسىگە ئۇلارنىڭ بەرگەن ئەڭ تەسىرلىك تەرەپلىرى، ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشى ۋە مىننەتسىز مېھنىتى، ھەتتا قوشنىلىرى «ناننى بىز يېقىپ بېرەيلى» دېگەن ۋاقتىدا، «ئەجىردىن مەھرۇم قالمىز» دەپ قوشۇلماي، ناننى ئۆزلىرىنىڭ ئىزچىل يېقىپ بېرىشى بولغان. ئېرى دەم ئالغان كۈنلىرى ياردار ۋە كېسەللەرنى يوقلاش ئارقىلىق، ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان.

نان ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان، تۇرمۇشىدا مۇھىم بولغان بىر يېمەكلىكتۇر. ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخي مەدەنىيىتىدۇر. ئۇيدە نان بولمىسا، كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. جىھاد مەيدانلىرىدا مەھەللە يېرىدە ئاشخانا يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ناننىڭ جىھاد مەيدانلىرىدا ئالاھىدە رولى بار. ھايات پىدائىي سىڭلىمىزنىڭ قوشنىلىرىچۇ تېخى؟ ئۇلار قوشنىنىڭ قوشنىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، كۈندە دېگۈدەك تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ بەرگەن. ھەتتا، ياردار قېرىنداشمىزنىڭ كۆڭلى تارتقان تاماقلارنى ئېتىپ ئەكىرىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، قىزلىرىنى كۈندە مەدرىستىن قايتقان ۋاقتىتا، پىدائى سىڭلىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆي

ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە كىرگۈزگەن. ئۇ ئوماق قىزلار ئۆيگە ئەدەپ بىلەن كىرىپ: «ھەدە! بىز قىلىدىغان نېمە ئىش بار؟» دېيىش ئارقىلىق، سىڭلىمىزنىڭ ۋەتەندە قالغان يۈرەك پارىسى پەرزەنتلىرىنىڭ يېنىدا يوقلۇقىنى چاندۇرمىغان. ئۇ قىزلارنى ئىشقا بۇيرۇسا خۇرسەن بولۇپ، شوخلۇق ۋە جۇشقۇنلۇق بىلەن قىلىپ بەرگەن. ئەگەر ئىش يوق دېسە كۆڭۈللىرى يېرىم چىقىپ كېتىشكەن.

بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ئەخلاقلىق ئىنسانلار ھە!

ئۆزلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقىنى ئىخلاس بىلەن ئىجرا قىلغاندىن سىرت، كەلگۈسى ئۈممەتنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىدىغان كەلگۈسى ئانىلار پاك، سەممىي، ئۆز مەنپەئەتىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئارتۇق بىلىدىغان، ياخشى ئەمەللەرگە ھېرىسمەن، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ تونۇيدىغان، قەلبى پاكىز ئاۋانگارتلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقىۋاتقان ئىدى.

كەلگۈسى ئانىلىرىمىزنىڭ قەلبى كىرلەشسە، بىر مىللەتنى كىر باسىدۇ. چۈنكى، ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىمانىي تەربىيە بىلەن ئانىلىق شەرتىنى ھازىرلىمىغان ئانىنىڭ بالىلىرى تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ يېتىمدۇر.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

{ئاتا - ئاناڭلارغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا ۋە يىراق قوشنىغا ياخشىلىق قىلىڭلار.}

ئۇلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىمان ئېيتقان كىشى، قوشنىسىنى ھۆرمەتلىسۇن» دېگەن چاقىرىقىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشقان.

يەنە شۇنداق مۇجاھىدە ھەمشىرىلىرىمىز باركى، ئۇلار ئاللاھ تەئالادىن ئۆزى رازى بولىدىغان ئەمەللەرگە مۇيەسسەر قىلىشىنى ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈۋاتقان. بىر يېشى چوڭ، نەۋرىلىرى بار ھەمشىرىمىز، ئىنتايىن ئېغىر يارىلانغان مۇجاھىدنى بېقىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەجىر - ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ مۇجاھىدقا نىكاھلىنىپ، شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ، مېھىر - مۇھەببىتىنى بېرىپ، ئاسراپ، تاماقلىرىنى ئېتىپ يېگۈزۈپ باققان، كېسەلنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ سىرتلارغا ئەپچىقىپ، يېشىلچىلىق مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ ئېغىر كېسەلنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىشىقا سەۋەبچى بولغان. بۇ نېمە دېگەن ئۈلگىلىك نەمۇنىلەر ھە!

جەڭدە بىر قولى ئۈزۈلۈپ بىر قولى قالغان مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئەر - ئايال ئىككىسى قاتتىق ئىسسىق ۋە يامغۇرلۇق، قاتتىق سوغۇق ۋە شۇۋرغان قارلىق كۈنلەردە جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن مەھەللىلەرگە كۆكتات ۋە مېۋە - چىۋىلەرنى ئاپىرىپ، شېھىد ۋە ئەسىرنىڭ ئەھلىلىرىنىڭ ۋە ياشقا چوڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن.

ھەتتا ياردار قېرىندىشىمىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، مېۋىنى بىر قولدا ئېغىزىغا سېلىپ يېگۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق، يىللاپ ئۆيدە ئاللاھ بىلەن

سىردىشىپ ياتقان، ھايات شېھىد قېرىنداشلىرىمىزغا روھىي ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن. بۇ ھايات شېھىدىنىڭ ئائىلىسىنىڭ كۆكتاتلىرىنى ۋە مېۋىلىرىنى ئىزچىل ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىپ كەلگەن.

ئۇلار بۇ ئىبادەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى بىر مەسئۇلىيەت دەپ تونۇغاچقا، ئىخلاس ۋە سەممىيەت، ھېرىسمەنلىك بىلەن ھېچنەرسە تاما قىلماستىن، پەقەت يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىننىڭ پادىشاھى، ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان، ئەڭ بۈيۈك، كاتتا ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلغان.

ئاللاھ بۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى رىيا ۋە سۇمئەدىن (سۇمئە ـ رىيا سالىھ ئەمەللەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى بىلدۈرسە، سۇمئە ئاڭلىتىشنى بىلدۈرىدۇ. نورمالدا بۇ ئىككىلىسى ئۇيغۇرچىدە «رىيا» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ت) پاك ھالەتتە قوبۇل قىلغاي، ئاللاھ بۇ ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزغا كاتتا ئەجىرلەرنى ئاتا قىلغاي، ئاللاھ ئۇلارغا جەننەتۇل فىردەۋسنى نېسىپ قىلغاي، جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي نېمەت بولغان ئاللاھنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈشنى مۇيەسسەر قىلغاي، امىن!

ئەڭ گۈزەل مەدھىيەلەر، ئەڭ گۈزەڭ ماختاشلار گۈزەل ئەخلاقنى تارازا - مىزاندا ئېغىر قىلغان، جىھادنى ئىبادەتنىڭ چوققىسى قىلغان بۈيۈك ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا بولسۇن!

دۇرۇت ۋە سالاملار گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى، مىسلىسىز نەمۇنە، ئاخىرقى زاماندا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلگەن جەڭ پەيغەمبىرى، باتۇر قوماندانىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە بولسۇن!

تارىخ بەتلىرىگە ۋە بۈگۈنكى رېئال ھاياتىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئەخلاقنىڭ مەيلى شەخسنىڭ ھاياتى بولسۇن، ياكى ئائىلە ھاياتى ۋە ياكى ئىجتىمائىي ھاياتتا بولسۇن، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ھەممىگە ئوچۇق بولغان ھەقىقەت.

قانداق بىر قەۋم، جامائەت ياكى شەخس ئەخلاقىي جەھەتتە يۈكسىلىدىكەن، ئۇ بەخت -سائادەتلىك بىر ھاياتقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر ئەخلاقىي جەھەتتە خارابلىشىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ، زاۋاللىققا ۋە خار ھاياتقا يۈزلىنىدۇ.

ئۇنداقتا ئەخلاق دېگەن نېمە؟

ئەخلاق بىر ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ (مىجەز - خاراكتېر ۋە تەبىئىتىنىڭ) شۇ ئىنساننىڭ تاشقى ھەرىكەت ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئەخلاق - ناچار ئەخلاق ۋە گۈزەل ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىر ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى قانچە گۈزەل، ئىمانى قانچە ساغلام ۋە مۇستەھكەم بولسا، ئۇنىڭ ئەخلاقى شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. ئىش - ھەرىكەتلىرى باشقىلارنى شۇنچە سۆيۈندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى قانچە خاراب ۋە ئىمانى قانچە زەئىپ بولسا، ئۇنىڭ ئەخلاقى شۇنچە خۇنۈك ۋە نۇقسانلىق بولىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:«ئاللاھ سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىڭلارغا ۋە پۇل - مېلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.»

ئەخلاقتىن ئايرىلغان دىن ۋە دىندىن ئايرىلغان ئەخلاق بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ھەممىدىن بەك سەۋەب بولىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:«قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق بىرنەرسە يوقتۇر. ئاللاھ تەئالا ئەخلاقسىز، قىلىقسىز كىشىلەرگە غەزەپ قىلىدۇ» دېگەن.

ئەخلاق - كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسىدۇر.

ئەخلاق - ئىنسانىي ئىسلاھ قىلىشتىكى، ئىنسانىي ئىنسانلىق ماقامىغا كۆتۈرۈشتىكى تۈپ ئاساس، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىدىكى تۈپ نىشان ۋە ئۇ زاتىنىڭ دەۋەت ۋە چاقىرىقىدىكى روشەن پىروگراممىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مەن گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن.

ئەخلاق - ھەرقانداق شەخس، مىللەت، جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ بولۇشىنىڭ، تەرەققىياتىنىڭ، يۈكسىلىشىنىڭ ۋە خارلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.

بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشنى ئاساسىي غايە قىلغان، ماللىرىنى، جانلىرىنى، جۈملىدىن ئاللاھ تەلەپ قىلغان ھەرقانداق نەرسىنى بۇ يولدا تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن، ئىماندا سادىق قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قۇرۇلغان جىھادىي جامائەتلەردە جىھادنىڭ مېۋىسىنى قوغداش ۋە ئالىي غايىگە ئىگە، ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولغان بۇ جامائەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئەخلاقنىڭ رولى ئىنتايىن زور، ئەلۋەتتە.

دىن پۈتۈنلەي ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى توغرىلىق سورالغاندا:«ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

جىھادىي جامائەتلەرنىڭ مەقسىتى قۇرئان - سۈننەتنى ھاكىم قىلىش بولغانىكەن، ئەنە شۇ قۇرئان تەلەپ قىلغان گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇش ھەر بىر شەخسنىڭ نىشانى بولۇشى ۋە قانداق قىلىپ شۇ گۈزەل ئەخلاقنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئاساسىي غېمى بولۇشى كېرەك. قۇرئان - سۈننەتنى يەر يۈزىدە ھاكىم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆز قەلبىدە ھەقىقىي ھاكىم قىلىشى كېرەك.

ھەقىقەت شۇكى، جامائەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ۋە جىھادنىڭ مېۋىسىنى قوغداشتا ئەخلاقتىنمۇ مۇھىمراق بىر قورال يوق.

چۈنكى، ئەخلاق ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى، راستچىللىقنى، ئادىللىقنى، ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشنى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى، ھايالىق، ئىپپەتلىك، غورۇرلۇق بولۇشنى، ئىخلاسمەن بولۇشنى، بىھۇدە سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردىن يىراق بولۇشنى، مۇلايىم بولۇشنى، قولى ئوچۇق سېخىي بولۇشنى، ئاسانلىق يارىتىپ، تەسلەشتۈرۈشتىن ساقلىنىشنى، ئۆزئارا چىقىشىپ ئىناق ئۆتۈشنى، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، خۇش چىراي بولۇشنى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى، ئۆزئارا ياخشى گۇماندا بولۇشنى، ئۆزئارا غەم - قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا ئورتاق بولۇشنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىششنى، ئەزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشنى، كېسەللەرنى يوقلاپ، ئاجىزلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى، ئۆزئارا ئارىنى ئىسلاھ قىلىشنى، ئەيۇ قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش،

ئالدامچىلىق، ماختانچاقلىق، رىياخورلۇق، مۇناپىقلىق قاتارلىقلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ! ئۆزئارا سەممىيلىك، مېهىر -مۇھەببەت ۋە ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇنداق بىر جامائەتتە قانداقمۇ مىسلىسىز كۈچ ھاسىل بولمىسۇن؟ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى تاكامىللاشتۇرۇۋاتقان بۇنداق كىشىلەر توپىغا قانداقمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى چۈشمىسۇن؟ ئۆزىنىڭ بارچە مېھرىبانلىقىنى ئۆز قېرىنداشلىرىغا قاراتقان بۇسەممىيەت ئەھلىنىڭ ۋۇجۇدى قانداقمۇ كاپىر دۈشمەنگە قارشى نەپرەتكە تولمىسۇن؟ ئۇلار قانداقمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ قانلىرىغا خىيانەت قىلسۇن؟ قانداقمۇ كاپىر دۈشمەنگە قارشى شىر كەبى ئېتىلمىسۇن؟ قانداقمۇ ئامانەتلەرنى ھىمايە قىلماي، ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلماي قەلبى ئارام تاپسۇن؟

ھەقىقەتەن دۈشمىنىمىزدىنمۇ خەتەرلىك نەرسە گۇناھلىرىمىزدۇر. بىر ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈۋاتقانلىقى ئۇنىڭ گۇناھتىن ئۇزاقلاشقانلىقىنىڭ ۋە غەلىبىگە يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭدەك، تۈركۈم - تۈركۈم ئەخلاق نەمۇنىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى جىهادنىڭ مېۋىسى ۋە غەلىبىسىدۇر.

بۈگۈن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلغىنىمىز، ئەخلاقىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشقىنىمىز ماھىيەتتە جامائەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا قوشۇۋاتقان ھەسسىمىزدۇر ۋە نۇسرەتنىڭ كېلىشىگە ھازىرلىغان سەۋەبلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئەكسىچە، جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن چېكىنىشى، ئەخلاقى جەھەتتە يۈكسىلىشتىن

توختاپ قېلىشى ۋە جامائەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئەخلاقىي كرىزىسنىڭ يۈز بېرىشى پات يېقىندا يۈز بېرىدىغان چوڭ خەتەرنىڭ سىگنالى، جامائەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئەگەر ۋاقتىدا ئىسلاھ قىلىنمىسا، مىڭبىر جاپا ۋە دەريا كەبى قانلار بەدىلىگە كەلگەن جىھادنىڭ مېۋىسىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشقا، خەلق ئاممىسى بىلەن جامائەت ئارىسىدا ھاڭ پەيدا بولۇشىغا، تەدرىجى يىمىرىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھ بىزنى بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسۇن! ئامىن

مېھرىبان ئاللاھ ھەر بىرىمىزگە گۈزەل ئەخلاقنى رىزىق قىلىپ بەرسۇن.

جىھادىي جامائەتلەرنىڭ، جۈملىدىن جامائىتىمىزنىڭ كۈچىنى كۈندىن - كۈنگە ئاشۇرۇپ بەرسۇن! ئۆز ياردىمى ۋە نۇسرىتىنى چۈشۈرۈپ بەرسۇن! ئامىن

بۇ سوئال خاراكتېرلىك تېمىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ «ئەلۋەتتە خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىشى ئېنىق.

توغرا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، پات يېقىندا پۈتكۈل دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقاپ، مەڭگۈلۈك دۇنياغا قايتىپ، دۇنيادىكى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ماكاپاتىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان، يامان ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشتىن قورققان ھەربىر مۇئمىن - مۇسۇلمان ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە سۈپەتلىگەن {ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ} شۇ دەھشەتلىك كۈندە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشنى چىن قەلبلىرىدىن ئارزۇ قىلىدۇ.

قىيامەت مەيدانىدا ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان بارچە ئىنسانلار رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئەرشنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەگە سەجدە قىلىپ، ئاشۇ ئەڭ كاتتا قىيىنچىلىق ۋە غەم - قايغۇدا قالغان ئىنسانلار ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ شاپائەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇزۇن ھەدىسنى ئىمام

بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىسلام ئالىملىرى بۇ كاتتا شاپائەتنىڭ پەقەت رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گىلا خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئەگەر بىز ئاشۇ قىيامەت مەيدانىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق، ھېچكىم - ھېچكىمگە قارىماي ئۆز ھالى بىلەن قالىدىغان، ئەڭ كاتتا دەرد - ئەلەم كۈنىدە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشنى خالىساق، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىشىمىز ۋە رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ سۈننەتلىرى ئېتىبارسىز تاشلىنىپ، سەل قارىلىۋاتقان بىر دەۋردە تەۋھىدنى ھىمايە قىلىشىمىز ۋە سۈننەتنى ئەھيا قىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن: «سىلەر مېنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار، سىلەر دىندا يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردىن (يەنى بىدئەتتىن) ساقلىنىڭلار، بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.»

ھەربىرىمىز ئىنساپ بىلەن، ئاللاھنى ئۆزىمىزگە گۇۋاھچى قىلغان ھالدا ئۆز - ئۆزىمىزدىن «مەن پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىمەن؟ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىۋاتىمەن؟ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى دۇنيا كاپىرلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغاندا، مەن ئۇنىڭغا قارىتا

ئىمانىي بۇرچۇم بىلەن قانداق پوزىتسىيەدە بولدۇم؟ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلىشىم ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئەھۋالىمچۇ؟» قاتارلىق سوئاللارنى سورىغىنىمىزدا، قەلبلىرىمىزنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالايمىز.

رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي) رەسۇلۇللاھنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرگەنلىكى مەن مۇسۇلمان دېگەن ئىنسانغا مەخپىي ئەمەس.

شەرقىي تۈركىستان جىھادىنىڭ تېزرەك باشلىنىپ، مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ تۈركىستانغا كىرىپ ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قانلىرىمىز بىلەن ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تازىلاشنى ھەممىمىز شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمىز. ئەمما، ئارزۇيىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى چىن قەلبىمىزدىن ئىجرا قىلىشىمىز ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشىمىز، ئەقىدە - ئىمانىمىزنىڭ، شۇنداقلا تۈركىستان جىھادىنىڭ تەلەپ - تەقەززاسىدۇر.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: {ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.}

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سابىق ئەمىرى ھەسەن مەخسۇم رەھمەھۇللاھ ئېيتقاندەك: «بۇ بىرلىك، بۇ ئىناقلىق قۇرئان ۋە ھەدىس تەلىماتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئېتىقاد، ئىبادەت، ئىچكى - تاشقى سىياسەت ۋە باياناتلىرى قاتارلىق ھەرقانداق سۆز - ھەرىكىتى شۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە شۇ بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.»

بىز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق، جامائىتىمىزدىكى ئەمىر ۋە قوماندانلار، مەمۇرلار، مەسئۇللار، مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلىك، يۈرەكنى ئېزىدىغان سەرگۈزەشتىلىرى بار. ئۇلار بۇ جەرياندا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، ئىززەت ماكانلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، جامائىتىمىزنىڭ بۆلۈنمەي، ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىشىپ مۇستەھكەم بىر سەپ بولۇپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىشىدە، يۇقىرىقى ئايەت ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەدىسلەرگە مۇستەھكەم ئېسىلىش بىلەن بىرگە، ھەسەن مەخسۇم رەھمەھۇللاھنىڭ مېتودلىرىنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەچكە، كاپىرلارنىڭ، خائىن - مۇناپىقلارنىڭ جامائەتنى بۆلۈش ئۈچۈن، ئاستىرتتىن ئېلىپ بارغان بارلىق ھىيلە - نەيرەڭلىرى، ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا ئەمىر - قوماندانلىرىمىزنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىخلاسى، سەممىيتى، شەخسىيەتسىزلىكى، قىيىنچىلىقلارغا سەبىر قىلىشى، چىدامچان بولۇشى، جامائەتكە ئۆز ئائىلىسىدەك، مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدەلەرگە ئۆز ئائىلىسىنىڭ

كىشىلىرىدەك مۇئامىلىدە بولغاچقا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» جامائەتنى بۆلگۈنچىدەك ھالەتكە يەتكەن.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ھەدىسشۇناس ئالىم ئەلبانى سەھىھ دەپ باھا بەرگەن ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:

«مَا مِنْ ثَلَاثَةٍ فِي قَرْيَةٍ وَلَا بَدْوٍ لَا تُقَامُ فِيهِمُ الصَّلَاةُ إِلَّا قَدِ اسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ الشَّيْطَانُ فَعَلَيْكَ بِالْجَمَاعَةِ فَإِنَّمَا يَأْكُلُ الذِّئْبُ الْقَاصِيَةَ»

«قانداق بىر يېزىدا ياكى سەھرادا ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ئۇلار نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇمىسا، شەيتان ئۇلارغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. جامائەتكە چىڭ ئېسىلىڭلار. ھەقىقەتەن تۆپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ.» [مىشكات 1067 - ھەدىس، ھەسەن]

بىز ھەممىمىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا دەسسەپ، تۇپرىقىنى قولىمىزغا ئېلىپ پۇراشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمىز. تۈركىستانىنىڭ تۆت پەسىللىك ھاۋا شارائىتى ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە مېۋىلىرىنىڭ ھېچبىر دۆلەتنىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە شېرىن، تەملىك، پۇراقلىق، يەر ئاستى بايلىقىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ھەممىمىز شەرقىي تۈركىستاننى سېغىندۇق. چەتئەلدىكى غېرىب - مۇساپىرچىلىق، جاپا - مۇشەققەتلىك ۋە تەشۋىشلىك ھايات بىزنى تۈركىستانىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتكۈزدى. بىز ئۆزىمىزنى ئويلىمساقمۇ، يۈرەك پارىمىز بولغان كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ۋەتەندە ئاتا - ئانىلىرىمىز باققۇچىسىز كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە. ھەدە - سىڭىللىرىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، نىجىس خىتاينىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىماقتا. ئۆسمۈر پەرزەنتلىرىمىز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، خىتاي كاپىرلىرىنىڭ باتىل تەربىيەسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. بىز مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ، نېمىشقا رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىگە ئاساسەن، بىر ئەمىرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشمايمىز؟! ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئەقىسىدىكى ئىسلام ئالىملىرى گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشنى ۋاجىب/پەرز دەپ قارايدۇ. ئەگەر شۇ ئەمىردە ئاشكارا كۇفۇرلۇق كۆرۈلمىگەن بولسىلا، پاسىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىبتۇر. جىھادنىمۇ، ئۇ ئەمىر ياخشى ياكى گۇناھكار بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. چۈنكى، بىر ئەمىرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىشنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاچقۇچى ۋە تۈپ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشقا قارشى چىقىشنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىي بولۇشتىن ئىبارەت كاتتا پىتنىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق.

بىز پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ يىلتىزى بىر. يىلتىز ساغلام بولۇپ، يەر ئاستىغا بىرلىكتە، چەمبەرچاس چىرمىشىپ چوڭقۇر كىرسە، ئاندىن ئۇ دەرەخ شېرىن بولغان مېۋىلەرنى بېرىدۇ. سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىمدە «ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ» زادى نېمىلىكىنى (ماھىيىتىنى) ئوچۇقلاپ بەرگەن نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن. ئۇ ئايەتلەر مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىگە سىڭىپ كەتكەن ئىمانىنىڭ

دولقۇنلۇقلىنىپ جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، جۈملىدىن ئاشۇ مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ توغرا بىر ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ پىدائىيلىرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇرۇشنىڭ (جىھادنىڭ) «ئاللاھ يولىدا» ئېلىپ بېرىلىشى، بىر تەرەپتىن مۇئمىنلەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىمانىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىگە تۈرتكە بولۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەق ۋە توغرا دىن ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشىنى نىشان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەنلىرىنىڭ زالالەت، كۇپۇرلۇق ۋە باتىل ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق «ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش»نىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پارلاق يول ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش نىشان قىلىنغان.

دېمەك، « ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» زەپەر قازىنىشنىڭ نىسپىي يولى بولۇپ، مۇئمىن كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ھەق ئۈستىدە، دۈشمىنىنىڭ بولسا باتىل ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، «ئاللاھ يولىدا» غايىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئالغا دادىل قەدەم تاشلىشى، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى شەرت.

بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەزىزلىرىمىزنى ياۋۇز خىتايلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا - ئاخىرەتتە نىجادلىققا ئېرىشىش يولىنىڭ بىردىنبىر جىھاد قىلىش ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپ يەتتۇق. چۈنكى، بۇنى بىزنىڭ يىللاردىن بۇيانقى رېئاللىقىمىز ئىسپاتلاپ بەردى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى جامائىتىنىڭ ئۇزۇن يىل مابەينىدە بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش،

قوللاش، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈستۈن بىلىشتىن ئىبارەت ئەخلاقلىرى ئارقىلىق گۈزەل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەرلىرىدىمۇ ئاشۇ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، ئۆز - ئارا چۈشىنىشىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، ئۇزۇن، جاپالىق سەپەرنى قوللىرىنى تۇتۇشۇپ بىرگە بېسىپ مېڭىشى، جىھادنىڭ مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋە غېرىب بولغان دىنىمىزنى زېمىن ئۈستىدە ئۈستۈنلۈككە ئىلىپ چىقىشنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر.

بىز ئۆز جامائىتىمىز بولغان تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىدىكى مۇجاھىدلارغا كۆزىمىز بىلەن ئەمەس، قەلبىمىز بىلەن نەزەر سالايلى، شۇ ۋاقىتتا، مۇجاھىدلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، بىزنى مۇساپىرلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ۋە ۋەتەن تۇپرىقىدىن يوقلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئاشۇ مەزلۇم خەلقنى زۇلۇمدىن ھۆرلۈككە ئىلىپ چىقىدىغان بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولىنىڭ مۇجاھىدلار سېپىگە قوشۇلۇپ، قولىمىزغا قورال ئىلىش ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىمىز.

دەرۋەقە، نۇرغۇنلىغان پىداكارلىقلار ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ يېنىدا كەمچىلىكلەر ۋە خاتالىقلارمۇ مەۋجۇت. چۈنكى، ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن باشقا ئىنسانلار خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. ئەمما، خاتالىقلارنى ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا، تەئەسسۇبىيەتچىلىك قىلماستىن، بىر تەرەپنى ئەيىبلەپ، يەنە بىر تەرەپنى قارىغۇلارچە ماختىماستىن، يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى قۇرئان - ھەدىسنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىش، سەپلىرىمىزنىڭ

مۇستەھكەم تۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ ئىنشائاللاھ. بۇ جەھەتتە، بىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ مەنھەجلىرى بويىچە مېڭىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : «مەن سىلەرگە روزا، ناماز، سەدىقىدىنمۇ ئەۋزەل بولغان ئەمەلدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېگەندە، ساھابىلەر «شۇنداق قىلسىلا، ئى رەسۇلۇللاھ» دېگەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىنى ئىسلاھ قىلىش» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. دېمەك، بۇ ھەدىسكە بىنائەن، ئازارلىنىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىدا كۆۋرۈك بولۇشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساق بولماسلىقىمىز كېرەك.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار» دېگەن. بۇ ئايەتنى تەپسىرشۇناس ئالىم ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھ: «ئاراڭلاردىكى دۈشمەنلىشىش ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، ئۆچ كۆرۈشنى، دوستلىشىش، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش، مۇناسىۋەت باغلاش ئارقىلىق تۈزەڭلار» دەپ ئىزاھلىغان.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئەبۇ ئەييۇب! مەن ساڭا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى رازى بولىدىغان ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېگەندە، ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۇنداق قىلسىلا، يا رەسۇلۇللاھ!» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزە، ئارىسىنى يېقىنلاشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىپ، دوستلىشىپ، مۇناسىۋەتلىرىنى چىڭىتقاندا، لەنىتى شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان كاپىرلار يىغلايدۇ.

بىز ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى رازى بولىدىغان ئەمەلنى قىلىپ، كۈندىن كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقان دەھشەتلىك قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىگە مۇيەسسەر بولامدۇق؟ ياكى شەيتان ۋە شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى خۇرسەن قىلىپ، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قالامدۇق؟ بۇ ئەقىدە - ئىمانى چۈشەنچىمىزگە زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىز ئەخلاق ۋە هايا ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقان، ئەخلاقلىق ۋە هايالىق ئىنسانلار باشقىلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىۋاتقان، قىز - ئاياللىرىمىز ئەخلاقلىق ۋە هايالىق بولغىنى ئۈچۈن تۇرمۇشتا بەختسىزلىككە ئۇچراۋاتقان، ئەخلاقلىق ۋە هايالىق ئىنسانلارنىڭ قەدرى - قىممىتى بولمايۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ئىنساننى ھەقىقىي گۈزەللەشتۈرىدىغان نەرسە تاشقى كۆرۈنۈش ئەمەس، ئەخلاق بىلەن هايا ئىدى. ئەخلاق ۋە هايا ئىككىسى قوشماق بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئىنساننىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان، ئىنسان هاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەڭگۈشتەرلەردۇر. ئەخلاقلىق ئىنساندا هايا بولىدۇ، هايالىق ئىنسان ئەخلاقلىق بولىدۇ

بۇ ھەقتە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:

«إِنَّ الْحَيَاءَ وَالْإِيمَانَ قُرِنَا جَمِيعًا، فَإِذَا رُفِعَ أَحَدُهُمَا رُفِعَ الْآخَرُ»

«ھەقىقەتەن هايا بىلەن ئىمان بىر تۇتاشتۇر، ئۇلاردىن بىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە بىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» [هاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھۇلجامى 1603 — ھەدىس.]

بولۇپمۇ مۇسۇلمانىنىڭ هايا بىلەن زىنىنەتلىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئىجتىمائى مۇناسىۋەت، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ۋە كىيىم - كېچەكلىرىدە، ئائىلە تۇرمۇشىدا، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا هايالىق بولۇش كېرەك. بۇ مۇسۇلمان

تارتىنچاقلىق قىلىپ ھېچ ئىش قىلماسلىقى لازىم دېگەنلىك ئەمەس. بىھۇدە تارتىنچاقلىق ھايا ئەمەس، ئاجىزلىقتۇر. ھايا غېرىب بولغان دىنىمىز ئۈچۈن ئىخلاس ۋە سەممىيەت بىلەن، تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە گۈزەل ئەخلاقلىرىمىز ئارقىلىق ھەسسىمىزنى قوشۇش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلىشتۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە سۈرە قەلەمنىڭ 4 - ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: {(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسىسەن.}

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئىنسانىيەتكە ئېسىل ئەخلاقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، مۇكەممەل ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئەخلاق جەھەتتە ياخشى بولغىنىدۇر.»

يۇقىرىقى ئايەت - ھەدىس توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەخلاق ۋە ھايانىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. چوڭلار كىچىكلەرنى ئىززەتلىشى، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، ئاتا - ئانىمىزغا ئاللاھ رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ياخشىلىق قىلىشىمىز، ئاتا - ئانىسى بارلار ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىشى لازىم. چۈنكى، بىز شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى كۆزىمىزنىڭ نۇرى، قەلبلىرىمىزنىڭ باھارى بولغان سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلىرىمىزنى زالىم خىتاي كاپىرلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا قويۇپ چىقتۇق. ئاتا - ئانىسى يېنىدا

بارلارغا ھەممىمىز شۇنچىلىك ھەۋەس قىلىمىز، ئۇلارنى كۆرگەندە كۆزلىرىمىزگە ياش كېلىدۇ. ئاتا - ئانىسى بارلارنىڭ ئۇلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئەگەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورنىدا قېيناتا - قېينانىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلىشى ۋە چىرايلىقچە خىزمىتىنى قىلىشى، ئۇلارنى يەكلىمەسلىكى بىزلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ۋەتەندە ئۇستازلار قېيناتا - قېينانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىڭ مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىنى قەلبلىرىمىزگە سىڭدۇرۇۋەتكەنىدى. ۋەتەندە تەقۋادار كېلىنلەر قېيناتا - قېينانىنىڭ خىزمىتىنى ئىبادەت سۈپىتىدە، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى قىلاتتى. ئىسلامدا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش توغرىسىدا ئېنىق بىر دەلىل ئىسپات بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىز ياخشى كۆرگەن ئەرلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغۇ؟ ئىسلامدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ئايەت ۋە ھەدىسلەر بارغۇ؟ بىز ئېمىشقا شۇنىڭغا بىنائەن ئاشۇ ياشىنىپ قالغان ئەزىز ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ئورنىدىكى قېيناتا - قېينانىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلمىغۇدەكمىز؟ ھەرقانداق ئەمەلنى ئىخلاس بىلەن، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلساق، ئۇ ئىبادەت ھېسابلىنىپ، ئاللاھ ئەجىر بېرەتتىغۇ؟

بىز بۇ يەرگە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىپ ئەجىرگە ئېرىشىپ، قىيامەتتىكى ئەڭ كاتتا قورقۇنچلۇق كۈندە ھېساب تارازىمىزنىڭ ئېغىر كېلىپ، نىجادلىققا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ چىقمىدۇقمۇ؟ خىتاي كاپىرلىرى ئاتا - ئانا ۋە قېيناتا - قېينانىلىرىغا قارىمايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ياشانغاندا قېرىلار ساناتورىيەسىگە ئاپىرىپ قوياتتى. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان پەرقىمىز شۇكى، ئۇلار دىنسىز، ئاللاھنىڭ زېمىنىغا دەسسەپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ

بەرگەن نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغانلاردۇر. شۇڭا، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر. ئەمما، بىز ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارمىز. بىز ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان ئىشلارنى جېنىمىزنى پىدا قىلىپ قىلىشقا بۇيرۇلدۇق.

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: {ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار - ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا رەببىگدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ.}

ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ بىزدىن رازى بولۇشىنى خالىساق، ئاتا - ئانا ۋە قېيناتا - قېينانىمىزنى ھۆرمەتلەيلى ۋە قەدىرلەيلى.

ئاتا - ئانىلارنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كۆيئوغۇل ۋە كېلىنمۇ ئۆزىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى كۆيۈمچان، مېھرىبان، غەمگۈزارى، ئاسرىغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى، تەربىيەچىسى بولغان ئەزىز ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلغان ياشلار، ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىم - تەربىيەسىدىن كىچىك تۇرۇپ مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئائىلە تەربىيەسىدىن بىخەۋەر، ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئەخلاقنىڭ تەلەپلىرىدىن يىراق بولۇشى مۇمكىن. بىز قېيناتا - قېينانىلار ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتىمىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارغا ئاتا - ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى

بېرىپ، كەمچىلىكلىرىنى گۈزەل ئەخلاقىمىز بىلەن، ئۇسلۇبقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قوپاللىق قىلماستىن چىرايلىق رەۋىشتە، سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزگە دىققەت قىلىپ تۈزۈپ تۈزەتسەك، ئاللاھ ئەجرىمىزنى بېرەتتى.

سورۇنلارنىڭ ئەخلاقىنى ساقلاش مۇسۇلمان ئەر - ئاياللار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردىندۇر.

سورۇندا ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن ئولتۇرۇش، تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش، سورۇندا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ سورۇنلاردىكى ئەھۋالىمىز ئەخلاق ۋە ھايارىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ساپايىمىزنىڭ قايسى دەرىجە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجاب كىيىشىنى دىنىمىز ئىسلام پەرز قىلغان. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تەئالا سۈرە ئەھزابنىڭ 59 - ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: {ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا، ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلار (نىڭ ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ - دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىگە) ئەڭ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ئەڭ مېھرىباندۇر.}

ھىجاب مۇسۇلمان ئايالنى قوغدايدىغان قورغان ۋە شەرما - ھاياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كاتتا نېمەتتۇر. ئەمما، بىز بۇ نېمەتنى قەدىرلىمەستىن، ھاياسىز ناسارا ئاياللىرىنىڭ ئارىمىزغا تەدرىجىي سىڭىپ

كىرىشۋاتقان كىيىم پاسونلىرىنى ياقتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ شەرىئەتكە لايىق ھىجابلىرىمىزنى ئۆزگەرتمەكتىمىز.

مەن چەتئەلدە تۇرغان ۋاقتىلىرىمدا، مەلۇم دۆلەتنىڭ ئىسلام دىنى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر ھەمشىرىمىز بىلەن تونۇشقان ئىدىم. ئۇ ھەمشىرىمىز تولىمۇ ئەخلاقلىق بولۇپ، ھەممە تەرەپتە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. مەن ئۇ ھەمشىرىمىزنىڭ ئەخلاقىدىن سۆيۈندۈم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئەخلاقى ئادەمنى خۇرسەن قىلاتتى. چەتئەللىكە چىققاننىڭ ياقى ئەخلاقى گۈزەل ئىنسانلارنى بەكلا ئاز ئۇچراتقىنىم ئۈچۈن، بۇ ھەمشىرەم ماڭا ئاللاھىدە ياخشى تەسىر بەرگەن بولغاچقا، قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ھىجابى شەرىئەتنىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بويىچە بولۇپ، رەڭگى قارا، ئۇن ئايال پاتقۇدەك دەرىجىدە كەڭ ئىدى. ئالدى - كەينىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مەن ئۇنىڭ ئىلمى، ئەخلاقى ۋە كىيىنىشلىرىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. بىر قېتىم ئۇ مېنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنىدىن بەكلا خۇرسەن بولۇپ ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتتىم.

بىز ئۇزۇن ئىمانلاشتۇق. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن دۇردانىلار ياغاتتى. بىزنىڭ سۆزلىرىمىز ھىجابقا يۆتكەلدى. ئۇ چوڭقۇر بىرنى تىنغاندىن كېيىن: «مەن ھىجابىمنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىز ئاياللارنى ئۆلچەمگە لايىق كىيىنىشكە بۇيرۇدى. ھىجابىم سەۋەبلىك كۆپلىگەن دوستلىرىم مەندىن ئايرىلدى. بەزىلىرى ‹سىز بۇ ھىجابنى

كىمەك، سىز دېگەن بىر مۇساپىر، سىز تۇرغان بۇ دۆلەت بۇنداق كىيىنىشىڭىزنى ياقتۇرمايدۇ، بۇ دۆلەت بىزگە ئورۇن بەرگەن بولغاچقا، بىز مۇشۇ دۆلەتنىڭ قانۇننى ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك> دېيىشتى. مەن ئۇلارغا كەسكىن قىلىپ: <مەن بۇ ھىجابىمنى سۆيىمەن ۋە ياخشى كۆرىمەن، بىز چەتئەلگە ئىمانىمىزنى ۋە ھىجابىمىزنى قوغدايمىز دەپ چىقتۇق، مەن ھىجابىم ئۈچۈن جان بېرىشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ھىجابىمنى سالمايمەن، ھەم شەكلىنىمۇ ئۆزگەرتمەيمەن. چۈنكى، مېنىڭ مۇشۇ كىيىنىشىمدىن ئىنشائاللاھ ئاللاھ رازى بولىدۇ> دەپ جاۋاب بەردىم» دېدى.

ئۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقان ۋاقىتتا، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلگەندى. ئۇنىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرى قەلبىمنى لەرزىگە سالغان بولۇپ، مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە ياش پاتماي قالغان ئىدى.

بۇ نېمە دېگەن مۇستەھكەم ئىمان ۋە كەسكىن ئىرادە! نېمە دېگەن تەسىرلىك سۆزلەر ھە؟

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجابى پۈتكۈل كاپىرلارنىڭ بىردەك قارشى تۇرۇش ئوبيېكتى بولغاچقا، ئۇلار ھەرخىل سۈيقەستلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئاياللارغا تۈيدۇرماستىن، ھىجابنىڭ پاسونلىرىنى ھەرخىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىق

مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىغا يوۋروپا ئاياللىرىنىڭ كىيىم پاسونلىرىنى تەدرىجى، تۈيدۇرماستىن سىڭدۇرۇپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئاڭلىق، تەقۋا بولغان مۇسۇلمان ئاياللىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئەقىدە جەھەتتە سۇسلاشتۇرماقتا.

تەۋھىد ئاساسىدىكى ئەخلاق ھەر بىر شەخس، ئائىلە، مىللەت، تەشكىلات، جەمئىيەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشى، ۋە غېرىب بولغان دىنى ئۈچۈن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، خارلىق ۋە زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەر يۈزىدە ئالى قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسى ئىدى.

ئەخلاق مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى ئىسلاھ قىلىدىغان بىردىنبىر قورال بولغاچقا، دۇنيا كاپىرلىرى كۈچلۈك بىر مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنىڭ ئەخلاقىغا ھۇجۇم قىلىشىدۇ.

تارىخ بەتلىرىگە نەزەر تاشلىساق، كاپىرلار ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن ئالالمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىنى، شۇ شەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەخلاقىنى تەدرىجى چىرىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەن. ئەخلاق مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ نۇسرەتكە ئېرىشىشىدىكى، مال ۋە جانىنى پىدا قىلىپ، ئاللاھ ئۈچۈن ئاققان قانىنىڭ بەدىلىگە قولغا كەلگەن جىھادنىڭ مېۋىسىنى قوغدىشىدىكى ئاساسي ۋاستىدۇر.

ئەخلاقنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈشتە ۋە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئورنىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئاجايىپ گۈزەل تەسىرى بار.

پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى ئورۇن جەھەتتە ماڭا ئەڭ يېقىن بولغىنىڭلار سىلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى مەن ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يىراق بولىدىغان كىشى تولا گەپ قىلىدىغان كوت - كوتلار ۋە ھاكاۋۇر كىشىلەردۇر.»

ئەر - ئايال ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدىكى ئالىي كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىغا قەلب كۆزلىرى بىلەن قاراپ، ئەشۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشقا تىرىشقان ئىدى. دېمەك، ئەخلاق ئىنساننىڭ خۇي - مىجەزى ۋە خاراكتېرىنىڭ تاشقى قىياپىتىدە ئىپادىلىنىشىدۇر.

پۈتۈن ئىنسانىيەت ۋە جىنلارغا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلگەن باتۇر مۇجاھىد قوماندانىمىز، ئۇستازىمىز، مىسلىسىز نەمۇنىمىز، بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى بولغان مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يەر يۈزىدە گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

ھېساب كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خەۋەر بەرگەندەك: «قىيامەت كۈنىسى مۇئمىننىڭ

تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر؛ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەئالا ھەر سۆزلەش، ياخشى قىلىقلارنى ئۆچ كۆرىدۇ.»

ئىسلام گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەل ئىماننىڭ قاتارىدىن قىلىپ، ئەخلاقى ياخشى ئىنساننى ئىمانى مۇكەممەل ئىنسان دەپ سۈپەتلىدى. بۇ توغرىسىدا مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىننىڭ ئىمانى مۇكەممەل بولغىنى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىدۇر.»

ئەخلاق مۇئمىننىڭ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، راستچىل بولۇش، سەممىي مۇئامىلە قىلىش، يالغان گەپ قىلماسلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق، ئامانەتنى ساقلاش، قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئارتۇق بىلىش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، قولى ئوچۇق سېخىي بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، كېسەللەرنى يوقلاش، تونۇغان ۋە تونۇمىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا سالام قىلىش، باشقىلارنىڭ يۈز ئابرۇيىنى قوغداش (بولۇپمۇ ئەر ئايالنىڭ ۋە ئايال ئەرنىڭ ھۆرمىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق) ئۆزئارا دوستلىشىش، بىر - بىرىگە يول قويۇش، باشقىلارغا تىلى ۋە قولى ئارقىلىق ئازار بەرمەسلىك، چىرايلىق سۆز قىلىش، مۇلايىم بولۇش، ئوچۇق چىراي بولۇش، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنۈش، قەلبى يۇمشاق مېھرلىك بولۇش، سەبىرچان، چىدامچان بولۇش، تۇل ئايال ۋە يېتىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئادىللىق قىلىش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىپ بېرىش، كەمتەر - كىچىك پېئىل بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

مۆئمىنلەرنىڭ گۈزەل، ئېسىل ئەخلاقلىرى كاپىرلارغا قارشى جىھادنىڭ يۈكسىلىشى ۋە غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خارلىق ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئىززەت ۋە شەرەپكە يېتىشنىڭ، سەرسانلىق ۋە ۋەتەنسىزلىككە خاتىمە بېرىپ ئانا ۋەتەن ۋىسالىغا يېتىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يوللىرىدىندۇر.

## ياخشى ھەمراھ

ۋەتەنسىزلىك تۇپەيلى غېرىب - مۇساپىرلىق ھايات، چەتئەلدە قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ تېڭىرقاپ يۈرۈشلىرىمىز؛ بەزىلىرىمىزنىڭ يۈرەكلىرىمىزنى ئېزىپ، روھىيىتىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، نىمە ئۈچۈن ئانا ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ چىققانلىقتىن ئىبارەت مەقسەت - نىشانلىرىمىزنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلدۇرۇپ، دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان بولسا، يەنە بىر تۈركۈملىرىمىزنى قەلبىدىن قېرىندىشىغا كۆيۈنۈش، ئېچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق قىلىش، مۆڭلىرىغا مۇڭ بولۇش، قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىشتىن ئىبارەت ئىنساني خىسلەتلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ، يۈرىكى تاش بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا.

بەزىدە كىچىك ۋاقتلىرىمدا چوڭلارنىڭ قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالىمەن: «ئىنسان ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەتئەلگە چىقسا تاش يۈرەك بولۇپ كېتىدۇ.» ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىڭ نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتىن ئېيتىلغانلىقىنى قىسقىغىنە ھاياتلىق تەدرىجي ئىسپاتلاپ چىقماقتا. مەن چەتئەلگە ھىجرەت قىلىپ چىققان مۇھاجىرلىق ھاياتىمدا، يۈرىكى يۇمشاق ئىنسانلارنى بەكلا ئاز ئۇچراتتىم.

مۇھاجىرلىق ھاياتىمدا ئۇرغۇئىلىغان ئېچىنىشلىق قىسسىلەرنىڭ شاھىدى بولدۇم، ھەم ئۆزۈمنىڭ بېسىپ ماڭغان سەپەرلىرىمدە يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان، تەسىرلىك بولغان رېئاللىقنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۇم. چەتئەلگە چىققان مۇھاجىرلارنىڭ ئۆز مەقسەت - نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئاھۇ - زارلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلىدە بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۆز ئەھۋالىمىزغا ئېچىنىپ يىغلىغان ۋاقىتلىرىم بولدى.

ئىنسان قەيەردە بولمىسۇن، ئۇنىڭغا سەممىي مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۇنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىدىغان، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياردىمىنى ئايىمايدىغان، تىلى بىلەن قەلبى ئوخشاش بولغان، ئۇنى چۈشىنىدىغان، قوللايدىغان، ياخشى بىر ھەمراھقا موھتاج بولىدۇ.

ئەمما، بۇ ياخشى ھەمراھمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن مەلۇم مەنزىلگە يەتكەندە، ئۇ ئىنساندىن ئايرىلىدۇ. مەيلى ئۇلار ياشلىق ھاياتىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن قەدىناسلار بولسۇن، ياكى ئىنسان ئۈچۈن چوڭ بايلىق بولغان پەرزەنتى بولسۇن، ياكى بىر تۇغقان قېرىنداشلار بولسۇن، ياكى دوستلىرى بولسۇن، ئۇلار پەقەت مەلۇم مەزگىل ھەمراھ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تەئالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇ ئىنساندىن ھەرخىل ھادىسە - سەۋەبلەر تۈپەيلى ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان يۇرەكلىرى ئېزىلگەن ۋە پۇچىلانغان، ئىزتىراپ چەككەن، دەردلەنگەن ھالەتتە ئاھ ئۇرۇپ سەبىر قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ يەردە سىزگە ھەرۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئورۇندا ھەمراھ بولىدىغان، دەردلىرىڭىزنى ئۇنتۇلدۇرىغان، ئەڭ قىيىن ۋاقىتلاردا سىزگە سەبىرنى تەۋسىيە قىلىپ، دۇچار بولغان قىيىنچىلىقنى يېڭىپ سابىت تۇرۇشىڭىزغا تۈرتكە بولىدىغان، يالغۇزلۇق ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىڭىزدا سىز بىلەن سىردىشىدىغان، سىرلىرىڭىزنى ھېچ بىرىگە ئاشكارا قىلمايدىغان، غەمكىن قەلبىڭىزگە خۇرسەنلىك بېغىشلايدىغان، ئۇسساپ قالغان ۋاقىتلىرىڭىزدا شېرىن سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلىقىڭىزنى قاندۇرىدىغان، يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىڭىزدا سىز بىلەن ئىمانلىشىپ، يالغۇزلۇقنى ھېس قىلدۇرمايدىغان، چۈشكۈنلۈكنىڭ قەلبىڭىزدە يىلتىز تارتىشىنى توسىدىغان، يولنىڭ توغرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، سىزگە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، ۋاقىتلىرىڭىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىڭىزنى بىلىپ ياشاشقا كۆرسەتمە بېرىدىغان، مەسىلىلەرگە دۇچار بولغاندا ياخشى مەسلىھەت بېرىدىغان، خار كىشىنى ئەزىز، ئەزىزنى خار قىلىدىغان، سۇلتاننى گاداي، گادايىنى سۇلتان قىلىدىغان، سىز ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرسىڭىز ئۇمۇ سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغان، كېچە - كۈندۈز سىزگە ھەمراھ بولىدىغان، ۋاپادار دوستلۇق پەقەت ئۇنىڭدىلا تېپىلىدىغان، سىز ئۇنى تاشلىۋەتمىسىڭىز ئۇ سىزنى تاشلىمايدىغان، ئىلىم جەھەتتە زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدىغان، ساپايىڭىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان، سەلەف ۋە خەلەفلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى بولغان، ئىلىم بۇلاقلىرى بولمىش كىتابلاردۇر.

ھازىرقى زامان ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن، مەشھۇر تەۋھىد پېشۋاسى، دەۋەتچى، ئەللامە ئابدۇۋەلى قارى مىرزايوۋ 20 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئالىملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ دادىسى ئىشچى، ئانىسى ئائىلە ئايالى ئىدى. دىن ۋە دىندارلارغا قارشى باستۇرۇش سىياسىتىنى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ ئۆزگەرتمىگەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇ زامانلاردا بارلىق ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرۈش، سۈرگۈن قىلىش، تۈرمىلەرگە قاماش بىلەن بىرگە، ئەرەب ئېلىپبەسى يېزىقىدىكى بارلىق كىتابلارنى چەكلەپ كەلگەن بولۇپ، بۇنداق كىتابلار پەقەت يىغىپ ساقلىغۇچىلار ۋە ئىخلاسمەنلەرنىڭ قولىدىن ئىنتايىن تەستە تېپىلاتتى.

ئەقىللىق ۋە زېرەك ئۆسۈپ يېتىلگەن ئابدۇۋەلى قارى يەتتە يېشىدا مەكتەپكە كىرىپ، تېزلا ساۋات چىقىرىدۇ. تەلەپچان ۋە تىرىشچان خاراكتېرى كىتابخۇمار ۋە كىتابنى قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ سۆيۈپ ئوقۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ، قوشنىسىنىڭ ئوغلى رەھمەتۇللاھ رەسۇلۇۋ بىلەن بىرلىكتە ساۋاقداش ۋە دوست بولۇشۇپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى غەنىيمەت بىلىپ، ساۋاقدىشى رەھمەتۇللاھ بىلەن شەھەرلىك مەركىزىي كۇتۇپخانىنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. بىر كۈنى كىتاب ئارىسىغا قىستۇرۇلغان ئەرەب ئېلىپبە يېزىقىدىكى بىر ۋاراق قەغەز ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن بۇ يىگىتلەر ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرمەي، ئەكسىچە ئەنجان شەھىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەرغۇلان شەھىرىدە ئېچىلىپ ئوقۇش باشلىغان تۇنجى مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئابدۇۋەلى قارى ئۇستازىدىن ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى ۋە شەرئىي ئىلىملەرنى 4 ~ 5 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى بىر تەرەپتىن ئۇستازىغا ياردەملىشىپ ئۆگىتىش ئارقىلىق 10 قارار ئوقۇغۇچىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىنلا قۇرئان يادلاشقا كىرىشىپ، تولۇقتۇز ئايدا قارىلىقنى تاماملىغان.

دېمەك، ئابدۇۋەلى قارى رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىلىم ساھەسىدە تېزلا يۈكسىلىپ، قۇرئاننى تېز سۈرئەتتە يادقا ئېلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن، مەشھۇر دىنىي ئالىم بولۇپ چىقىشىغا، تىرىشچانلىق بىلەن قىزغىن ھالەتتە ئوقۇپ چىققان كىتابلىرى سەۋەبچى بولغان. مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى ۋە شەھەرنىڭ كۇتۇپخانىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى؟! كۇتۇپخانىدىكى سانىنى كۇتۇپخانىنى باشقۇرغۇچىدىن باشقا كىشى بىلمەيدىغان كىتابلارنى قاتتىق ھىممەت بىلەن بەل قويۇۋەتمەستىن بېرىلىپ، كىتاب دېڭىزىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ئوقۇشى ئاخىرىدا ئۇ ئەككىسىنى قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرگەن؟

بىر تىلشۇناس ئالىم شۇنداق دېگەن ئىكەن : ئانا تىلىنى پىششىق بىلمىگەن كىشى، باشقا تىلدا يېزىلغان ئىلىملەرنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەيدۇ.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ زېمىن ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە «قوش تىللىق مائارىپ»نى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى خىتاينىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنغان. بىز شۇ ۋاقىتلاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ («قوش تىللىق مائارىپ»نىڭ) ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئۇزۇن يىللىق سۇيىقەست - پىلانلىرىنى تونۇپ يەتمەستىن، ئەكسىچە پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىن ئەچىقىپ قوش تىللىق مەكتەپكە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىر بىلەن توشقان مەكتىپىنى قوللاپ، ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىزنى ئانا تىلىمىزدىن پۈتۈنلەي چەكلەپ، خىتاي تىلىنى مەجبۇرىي ئۆگىتىش، ئەۋلادلىرىمىزنى خىتاي قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىنىڭ سېخىمىسىنى ئۆز قولىمىز بىلەن سىزىپ بەردۇق.

ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى ئەۋلادلىرىغا پىششىق ئۆگىتىشى ئارقىلىق قوغدىشى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىنغان ئەڭ ئاساسلىق مۇجادىلىلەردىن بىرىدۇر.

مەن ئوتتۇر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئەدەبىيات دەرسلىرىگە ئالاھىدە قىزىقاتتىم، يازغان ئەسەرلىرىم ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا ئۈلگە قىلىپ ئوقۇپ بېرىلەتتى. ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يىلى قىز

ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەرستىن سىرتقى ئىختىيارىي پائالىيەت ۋاقىتلىرىدا بەس - بەس بىلەن كەلگۈسى ئائىلىسى ئۈچۈن داستىخان، ياستۇق، كىرلىكلەرگە شۇنداق چىرايلىق، نەپىس كەشتە گۈللەرنى تىكىشكە كىرىشىپ كېتەتتى، مەن بولسام كىتاب ئوقۇشقا قاتتىق بېرىلىپ كېتەتتىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ شۇ ۋاقىتتا «سەن كىتاب ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيسەن، قىز بالا دېگەن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ غېمىنى يەيدىغان، كەچكىچە كىتابتىن باش كۆتۈرمەيسەن. سەن كىتاب خالتىسى، ساڭا كىتابلا بولسا بولىدۇ» دېگەن ئەيىبلەشلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

بىر قېتىم ئالتۇن ھالقامنى سېتىپ، ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىگە خېلى كۆپ ئەرەبچە دىنىي كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ چىققىنىمدا، قىزىم رەھىمەھەللاھ دادىسىغا قاراپ: «دادا قاراڭ، ئاپام ئالتۇن ھالقىسىنى سېتىپ، پۇلغا كىتاب ئېلىپ چىقىپتۇ» دېگەن ۋاقىتتا، دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: «ياخشى قىپتۇ قىزىم، كىتاب ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق» دېيىش ئارقىلىق مېنى رىغبەتلەندۈرگەنىدى.

كىتاب مېنىڭ ھاياتىم دېسەممۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن. قەيەرگە بارسام كىتاب ئىشكاپلىرىم كىتاب بىلەن توشقان بولىدۇ. مەن تۈركىيەگە كېلىپلا تۇنجى بولۇپ، ئەڭ چوڭ كىتابخانىغا بېرىپ 1000 لىرا ئارتۇق كىتاب سېتىۋالغانىدىم.

ۋاپاسىزلىق ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە، كىتاب مەن ئۈچۈن ئەڭ ۋاپادار دوست، ئەڭ ياخشى ھەمراھ، مۇڭداشچى، غەمگۇزار، ئاللاھنىڭ ھەرخىل

ئىمتىھانلىرىغا دۇچار بولغاندا ئەڭ گۈزەل سۆزلىرى بىلەن تەسەللى بېرىدىغان سۆيۈملۈك دوست بولۇپ كەلدى.

ھازىرمۇ بىر ئېغىز ئۆيۈم كۈتۈپخانا، نۇرغۇنلىغان سەرخىل كىتابلار تىزىلغان. ئۇلارغا ھەر قېتىم قارىغان ۋاقتىمدا قەلبىم راھەتلىنىسە، ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمدا ماڭا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچ قۇۋۋەت ۋە روھىي ئوزۇق بېغىشلايدۇ. بۇ كاتتا نېمەتنى ماڭا بەرگەن رەببىمگە چەكسىز ھەمدە ۋە شۈكۈر ئېيتىمەن.

«نەزەر ئېكرانى» دېگەن قانالدا سۆزلەنگەن، ئەلي ئىبنى مۇھەممەد ئىمرانىنىڭ «كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشقا مەپتۇن بولۇش» دېگەن دەرسلىكلىرى مېنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرگەنىدى. مەن ئۇ دەرسلىكلەرنى تەكرار ئاڭلاپ چىقتىم. سەلەفلەرنىڭ ئىلىم ئېلىشقا ۋە كىتاب ئوقۇشقا بولغان ئىشتىياقى، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەرقنىڭ تولىمۇ چوڭ ئىكەنلىكى مېنى قاتتىق بىئارام قىلدى.

بىز نېمىگە يۈزلىنىپ كېتىۋاتىمىز؟ قانداق نەرسىلەردىن روھىي ئوزۇق ئېلىۋاتىمىز؟ ئەرزىمەس دۇنيا ماتالىرىغا قانچىلىك قىزىقىپ، بىزگە دۇنيا - ئاخىرەتتە كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرنى ۋە بەخت - سائادەتنى ئېلىپ كېلىدىغان كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىم ئېلىشتىن قانچىلىك يىراقلىشىۋاتىمىز؟ بۇلارنى ئويلىغىنىمدا قەلبىم بىئاراملىق ئىچىدە ئۆرتەندى.

ئى ئاللاھ بىزلەرگىمۇ سەلەفلەرگە ئاتا قىلغان ئىلىم ئېلىش يولىدىكى ھىممەت ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت نېمەتكىنى ئاتا قىلغىن. بىزنىڭ قەلبلىرىمىزنىمۇ

ئاشۇلارنىڭ قەلبىگە ئوخشاش پاكلاپ، سەممىيەت ۋە راستچىللىقلارنى مۇجەسسەملەشتۇرۇپ بەرگىن، امين.

## قېنى ئارقىلىق دىننى كۆكلەتكەن ئەركەكلەر

پۈتكۈل گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھنى مەدھىيەلەيمىز ۋە ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، گۇناھلىرىمىزنىڭ مەغفىرەت بولۇشىنى تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئەمەللىرىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوق. بىز پۈتكۈل ئاسمان ۋە زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوقلۇقىنى، پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرى، پۈتكۈل زېمىن ئۈستىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانى، ھاياتىنى ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز.

ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلىپ، ئۈنۈپ چىققان بارلىق دەل - دەرەخلەر ۋە ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان رەڭگارەڭ ئېچىلىدىغان گۈل - گىياھلارنىڭ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن

مۇنبەتتۇپراققا، سۇغا ۋە ئوغۇتقا موھتاج بولغىنىدەك، ئاللاھ تەرەپتىن ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كاتتا نېمەت قىلىپ بەرگەن ئىسلام دىنىمىزمۇ «مەن مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئۇممىتى» دېگەن سۆزىدە سەممىي بولغان مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان يىگىتلەرنىڭ قانلىرى ئارقىلىق كۆكلەپ، ئىنسانىيەت ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، قەلبلىرى سۇسىزلىقتا قاتتىق چاڭقاپ، لەۋلىرى گەز باغلىغان ئىنسانىيەتنى شېرىن تەملىك سۇلىرى ئارقىلىق سۇغىرىدۇ.

{ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگۈچە (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ).}

ئاللاھ تەئالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ، توغرا ئىبادەت قىلىش ۋە يەر يۈزىدە ئاللاھ تەئالانىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش، ئىلاھىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسىدۇر. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىلاھىي قانۇن ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، غېرىب بولغان ئىسلام دىنىمىز ئۈچۈن قانلىرىمىزنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن تۆكۈپ، دىنىنى يەر يۈزىدە كۈچلەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىلاھىي قانۇنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىمان بىلەن جىھاد ئىبادىتىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەستىن، ئىككىسىنى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

بولغان بىر مەنبە دەپ ئىشەنگەن بولساق، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى ياردەمسىز يالغۇز تاشلاپ قويمىغان بولاتتۇق. چۈنكى، بىز ھەممىمىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن ئۇچۇپ چىققان قۇش ئىدۇق. قانىتىدىن ئايرىلغان قۇش ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچالمىغىنىدەك، بىز بىر قانىتىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان بىچارە قۇشقا ئوخشاش كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچالماستىن تېپىرلىماقتىمىز.

مۇدھىش بىر ئىزتىراپ، قايمۇقۇش ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قاتتىق گاڭگىراش بىلەن بىرگە، پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئەسەبىيلىشىپ، مەنىۋىيىتىمىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈشكە قاراپ ماڭماقتىمىز. بۇنىڭ بىردىنبىر يېگانە چارىسى ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقى بولغان جىھاد ئىبادىتىگە يۈزلىنىشتۇر.

بىر نەچچە ئاي ئىچىدە مۇجاھىد يىگىتلىرىمىزدىن ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتى بولغان شېھىدلىككە ئېرىشكەن تۆت نەپەر مۇجاھىدنى ئىنسان ئەڭ بەختلىك، ئەڭ لەززەتلىك، ئەڭ شېرىن ھاياتنى ئۆتكۈزىدىغان مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇلار نېمە دېگەن بەختلىك ئىنسانلار ھە!

مەن ئۇلارغا شۇنچىلىك ھەۋەس قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزۈمنىڭ بولۇشىنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئارزۇ قىلغان ۋاقىتلىرىمدا كۆزلىرىم ياشقا تولدى. ئۇلار نېمە دىگەن تەلەيلىك يىگىتلەر ھە! ئۇلارنىڭ ھەقىقى مۇجاھىدقا لايىق توغرا ئەقىدىسى ۋە ئاللاھقا بولغان تەقۋالىقى، گۈزەل ئەخلاقلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن سەمىمىيلىك بىلەن شېھىدلىكنى تىلەپ، ئاللاھ بىلەن ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ

قىلغانلىقى ۋە ئارزۇلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە تىرىشقانلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ ئۆز مەرھەمىتىگە ئالدى. بەزىدە شۇنى ئارزۇ قىلىپ قالىمەن. مەنمۇ بىر ئەركەك بولغان بولسام، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن رىباتتا تۇرۇپ ۋە جەڭلەرگە قاتنىشىپ، دۈشمەنلەرنى قىرىپ، جەستىمنى غۇسلى قىلمايدىغان، كېپەنلىمەيدىغان، بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا بەدەنلىرىمدىن ئېپار پۇرىقى تارقىلىدىغان شېھىدلىكنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ چىن قەلبىمدىن، سەممىيەت بىلەن ئىلتىجا قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. چۈنكى، ئىسلام ئالىملىرى «مۇرابىت ۋە شېھىدلەر قەبرىدە سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ ۋە قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن ئەمىن بولىدۇ» دېيىشىدۇ. قەبرىدىكى سوئال - سوراق يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئىنسانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى دۇچار بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئىمتىھاندۇر. چۈنكى، بۇ ئىمتىھاندا مەنسەپ، ھوقۇق، گۈزەللىك، شۆھرەت، بايلىق، يۈز - ئابرۇي، قېرى - ياشلىقىقا قارالمايدۇ. بەلكى، توغرا ئەقىدە، سۆزۈك ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرگە قارىلىدۇ.

يەر يۈزىدە پىتنە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان بۇ دەۋردە دۇنيانىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى قالدى؟ ئىمانىمىزنى پىتنىدىن ساقلاپ، ئاللاھ بىلەن نۇرلۇق يۈزلىرىمىز، ساغلام قەلبلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ، جەننەتتىكى مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتلىك ھاياتقا ئېرىشىش، مۇسۇلمان ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەس خۇشاللىقتۇر.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

{ئى مۇئمىنلەر! سەبىر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىدلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر. لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر.}

ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغانلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت ئەڭ كاتتا نېمەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن.

مەھمۇد فاتىھ رەھىمەھۇللاھ قېرىندىشىمىز جىھاد مەيدانىغا ھىجرەت قىلىپ يېتىپ كەلگەن بولۇپ، دەسلەپكى ئاساسي تەلىمگاھلاردا تەلىمنى پۈتتۈرۈپ بىر مەزگىل ئالدىنقى سەپلەرگە رىباتقا چىققىنىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئارزۇسى ۋە قىزىقىشى بويىچە جامائەت مەسئۇللىرىغا قايتا - قايتا ئىلتىماس سۇنۇپ، جامائىتىمىزنىڭ مەرگەنلەر گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولغان.

بۇ گۇرۇپپىغا ئەزا بولغاندىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە بىنائەن مەرگەن قوراللىرىغا ئائىت ئىلىملەرنى ناھايىتى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن. ھەر بىر ئەمەلىي مەشىق پەيتلىرىنى قولدىن بەرمىگەن. سەۋىيە ئاشۇرۇش تەلىملىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ئەنسار تەلىمگاھ ئۇستازلىرىنى ئۆز ھىممىتى ئارقىلىق ھەيران قالدۇرغان.

ئىلىم جەھەتتە ئۆزىدە مەلۇم ئاساس ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپلەردە دىن دۈشمەنلىرىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاقىتلىرىنى شۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرگەن.

يازنىڭ قاتتىق ئىسسىق ئاپتاپلىرى، قىشنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقلىرى، دۈشمەننىڭ خىرىسلىرى ئۇ قېرىندىشىمىزنى ئۆزى ئالدىن تەييارلىۋالغان مەرگەنلار ئاكوپىدا، كۆرسەتكۈچ بارماقلىرىنى مەرگەن قورالىنىڭ تەپكىسىگە قويغان ھالەتلىرىدە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆۋىسىدىن چىقىشلىرىنى كۈتۈشتىن توختىتالمىغان.

مەھمۇد فاتىھ ھەر قېتىم ئانا ۋەتەن شەرقىي تۈركىستان ۋە شام ئەھلى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۋاتقان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقنى ئەسلىگەندە، قەلبى قاتتىق بىئارام بولۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، ئەنە شۇ زالىملارغا ياردەمچى بولغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بىرنى بولسىمۇ جەھەننەمگە ئۇزىتىپ، ئۈممەتنىڭ بەدەنلىرىنى بىردانە پارازىت قۇرتتىن بولسىمۇ ئازاد قىلىشنى ئۆزىگە مۇھىم ۋەزىپە قىلغانىدى. دۈشمەننىڭ ئۆۋىسىدىن چىقىشنى كۈتۈشنى ئۆزىگە لەززەت قىلىپ تاللىغان ئىدى. بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ بۇنى تاللىشىدىكى جاسارىتىگە سەۋەبچى بولغان ئامىل، ئۇ قېرىندىشىمىزنىڭ تەقۋالىقى، قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن كىچىك پېئىل، كەمتەر بولۇشى، قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئارتۇق بىلىشى، سەپداشلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن شام بولۇپ كۆيۈش روھى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى گۈزەل ئەخلاقلىرى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ياش تۆكۈشلىرى ئۇ قېرىندىشىمىزغا دۈشمەنلىرى ئالدىدا سەبىر ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى.

ھۇجۇم جەڭلىرى پەيتلىرىدە ھەم ھۇجۇمغا ئۆتكەن پىيادە قىسىمدىكى قېرىنداشلارنى دۈشمەن ئوت كۈچىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىپ، قېرىنداشلارنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان بارچە توساقلارنى ئۆزىنىڭ قولىدىكى يىراق مۇساپىلىق مەرگەن قورالى بىلەن بۇزۇپ تاشلاشقا تەييار ئىدى. ھەقىقەتەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تەپكىگە قويغان، تەمكىنلىك بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقان، تىللىرى رەببىنى ئەسلەپ زىكىر قىلىۋاتقان ھالەتتە، ئۈشتۈمتۇت يېنىغا چۈشكەن مىنامىيوت ئوقىنىڭ زەربىسىدە پات يېقىندا ئاخىرلىشىدىغان ئەرزىمەس دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز ئارزۇسىغا ئۈيغۇن ھالدا رەببىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

ئىنسان ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئەمما، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى بۇ ئەرزىمەس دۇنيادىن قانداق ھالەتتە ئايرىلىپ، ئاللاھ بىلەن قانداق ئۇچرىشىش مەسىلىسىدۇر.

ئەزىز قېرىندىشىمىز ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستى بىرلا ۋاقىتتا ئىنشائاللاھ شېھىد بولدى. مەن ئابدۇللاھ قېرىندىشىمىزنى ئەسلىسەم كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېھىد بولۇشتىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى ئۆيۈمنىڭ تاملىرىنى شۇنچىلىك ياخشى ئاقلاپ بەرگەن ۋە ئۆيۈمنىڭ توكلىرىنى ئوڭشاپ بەرگەنىدى.

بۇ جەڭگىۋار، ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىغان مۇجاھىد يىگىتلىرىمىز تەقۋا، كېچىلىرىنى قولدىن بەرمەيدىغان، تىللىرى قۇرئان ئوقۇش، قەلبلىرى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ئۆزىنىڭ كەسپىگە بېرىلىپ، ياخشى كۆرۈپ ئۆگىنىپ، ئالدىقى سەپتىكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قويۇلغان مىنالارنى تازىلاش ئارقىلىق، مۇجاھىدلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان جەسۇر يىگىتلەر ئىدى.

بۇ يىگىتلەر ماقارغا 2018 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كىرگەن بولۇپ، ماقار مەسئۇلىنىڭ بۇلارنى مىنا ئۆگىنىش تەلىمگاھىغا ئەۋەتىش بىلەن، ئابدۇللاھ ۋە خەبباب قاتارلىق مۇجاھىدلار مىنا بىلىملىرىنى تەلىمگاھىدا كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ كەلگەن.

ئۇلار شۇنچىلىك شىجائەتلىك بولۇپ، جەڭ بولۇپ قالسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئابدۇللاھ بىر قېتىملىق جەڭدە يارىلانغان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھنىڭ شىپا بېرىشى بىلەن، ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا نورمال خىزمەتكە چۈشۈپ كەتكەن. بۇ يىگىتلەر دىنىنىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ يۈكىنى ئۇستىگە ئالغانلىقىنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇپ قالماستىن، جاپا - مۇشەققەتلەرگە بوي ئەگمەي، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن بېرىلىپ خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىرەر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئارزۇسى ئاللاھنى رازى قىلىپ مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت يۇرتى بولغان جەننەتلەرگە ئېرىشىش ئىدى.

يەنە بىر ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ ئاجايىپ سەبىر ئاتا قىلىدىكەن.

ئۇلار شۇنچىلىك تەمكىن بولۇپ، ئەھۋال سوراش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلارنى سەبىر بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. مەن ئابدۇللاھ شېھىد بولۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاش ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئۇ ھەمشىرىمىزنىڭ سەبرىدىن شۇنچىلىك تەسىرلەندىم.

ئابدۇللاھنىڭ ئايالىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئابدۇللاھ شېھىد بولۇشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى تاشقىرى ئۆيدە ئوماق ئوغلىنى ئەركىلىتىپ: «جېنىم ئوغلۇم! بۈگۈن سەن بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشىم، ئەته كەتسەم ئەمدى كېلەلمەيمەن» دەۋاتقىنىنى ئايالى ئاڭلاپ، يۈرىكى قارتىدە قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ، «دادىسى! بىرەر چۈش كۆرۈپ قاپسىزمۇ ؟» دەپ سورىسا، ئېرى: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. شۇ كۈنى يەنە ئايالى بارمايمەن دېسە ئۇنىماي، بازارغا ئاپىرىپ كاۋاپ ئېلىپ بېرىپ، بازار ئايلاندۇرۇپ ئەكەلگەن ئىكەن. ئايالى بۇ سۆزلەرنى ماڭا ئېيتىۋېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئەتىسى ئىش ئورنىغا كەتكەنچە، ئىنشائاللاھ شېھىد بولغان ھالىتىنى كۆرۈپتۇ.

ئابدۇللاھنىڭ قېينانىسى ئابدۇللاھ شېھىد بولۇشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى چۈشىدە، ئۇنىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى شېھىد بولغان چوڭ دادىسى بىلەن يېشىللىق بىر يەردە بىر داستىخاندا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن.

بۇ ئەزىز (ئىنشائاللاھ) شېھىدلىرىمىز ئۆزىنىڭ تەقۋالىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ھەقىقىي ھاياتنىڭ يارقىن ئوبرازىنى قالدۇرۇپ

كەتتى. ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇپ، كۆكلەتكەن ئىسلام دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرىنى ھەدىيە قىلىپ كەتتى.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلغاي. ئۇلارغا جەننەتۇل فىردەۋىسدە ئالىي دەرىجە ئاتا قىلغاي، جەننەتۇل فىردەۋىستىكى ئالىي نېمەت بولغان ئاللاھنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈش نېمىتىنى نېسىپ قىلغاي، ئۇلارنى ئاللاھ جەننەتتىكى ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولغىلى نېسىپ قىلغاي، امين. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ياخشى ئەۋلادلارنى چىقىرىپ بەرگەي، امين

مەن يېڭى ئىسلامغا كىرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ۋەتەنىدە مۇسۇلمان قىز - يىگىتلەرنىڭ توي مۇراسىمىنىڭ شۇنچىلىك ئاددىي ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ئىدىم. مۇسلىمە ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ مەھىر ھەققى ئۈچۈن بىر قۇرئان ياكى جايناماز، ئەڭ ئېغىر بولغاندىمۇ خىتاي پۇلىغا 500 يۈەن تەلەپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تەسىرلەنگەنلىكىمدىن كۆز يېشى قىلغانىدىم. مەن بۇ گۈزەل، ئاددىي - ساددا كۆرۈنۈشلەرگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىپ، ئاردىن بىر قىزدىن: «نېمە ئۈچۈن مەھىر ھەققىڭىزگە كۆپرەك ئىقتىساد تەلەپ قىلمايسىز ؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ قىزنىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن: «ھەدە مەن ھەرقانچە گۈزەل، ئېسىل، باينىڭ قىزى بولغان تەقدىردىمۇ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ يۈرەك پارىلىرى بولغان قىزى فاتىمە ۋە رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ دەسسەپ ماڭغان توپىسىغىمۇ باراۋەر ئەمەسمەن» دەپ جاۋاب بېرىشلىرى، مېنىڭ ئىسلامغا بولغان قىزىقىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلامغا چوڭقۇرلاپ كىرىشىمگە سەۋەبچى بولغان ئىدى.

نېمە دېگەن پىداكار روھلار ! نېمە دېگەن گۈزەل بايانلار ! ئۇلار رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ۋە ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە «مەن مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئۈممىتىدىندۇرمەن» دېگەن ئىنسانغا ئۈلگە قىلىنغان يارقىن ھاياتىنى نېمە دېگەن ياخشى چۈشەنگەن ھە!

ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىمىزغا سەممىيەت بىلەن بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى ! بىزنىڭ يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئېغىر، ئەڭ دەھشەتلىك، ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان ۋەتەندىكى ئەزىزلىرىمىزنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى، قېرىلارنىڭ باققۇچىسى يوق ھالەتتە كوچىلاردا سەرسان بولۇشلىرى، گۈزەل، ناتىۋان قىزلىرىمىزنىڭ كۆرۈنۈشى بەتبەشىرە خىتاي چوشقىلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىنىشى قاتارلىقلارنى ئويلىغاندا، چەتئەلدىكى مۇھاجىر قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ تويىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشكە قانداق كۆڭلى تارتىدۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ غېرىب - مۇساپىر، مۇھاجىرلىق ھاياتىمىز، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا ئېغىر زۇلۇم تۆپەيلى كاپىرلار تەرىپىدىن دىنىدىن قايتۇرۇلۇپ، مۇرتەدلىك يولىغا مەجبۇرلىنىۋاتقان مەزلۇم خەلقتىن ھېساب بېرىدىغانلىقىمىزدەك ئېغىر مەسئۇلىيەت بىلەن توي مۇراسىمىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشىمىز بىر - بىرىگە ماس كېلەمدۇ؟

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خەيبەرگە غازاتقا چىقتى. بىز شۇ ۋاقىتتا بامداتنى قاراڭغۇدا ئوقۇدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ۋە ئەبۇ تەلھە بىر ئۇلاغقا مىندى. مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ كەينىگە مىندىم. پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خەيبەرنىڭ كوچىلىرىدا ئۇلىغىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. مېنىڭ تىزىم پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ يوتىسىغا تېگىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ، يوتىسىنى ئاچتى. ھەتتا، مەن پەيغەمبەر صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ يوتىسىنىڭ ئاقلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يېزىغا (يەنى خەيبەرگە) كىرگەندە: «ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر! خەيبەر تۈگەشتى، بىز بىر قەۋمنىڭ يېنىغا

چۈشسەك، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمە دېگەن يامان» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دېدى.

ئەنەس مۇنداق دېدى: خەيبەرلىكلەر ئۆز ئىشلىرىغا چىقىپ «مۇھەممەد ۋە ئەسكەرلەر!» دېيىشىپ كەتتى. بىز خەيبەرنى كۈچ بىلەن فەتىھ قىلدۇق. ئۇلجىلار توپلانغاندا، دىھيە كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ماڭا ئۇلجىلاردىن بىر قىز بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «بېرىپ ئۇلجىلار ئارىسىدىن بىر قىزنى ئېلىۋالغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دىھيە سەفىيە بىنتى ھۇيەيىنى ئالدى. ئاندىن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن دىھيەگە بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ كاتتىسىنىڭ قىزى سەفىيە بىنتى ھۇيەيىنى بېرىۋەتتىڭغۇ؟ ئۇ پەقەت ساڭىلا لايىق ئىدى» دېدى. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «ئۇنى (سەفىيەنى) چاقىرىپ كېلىڭلار» دېدى. سەفىيە ئېلىپ كېلىندى. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئۇنىڭغا قاراپ (دىھيەگە): «ئۇلجا ئارىسىدىن باشقا بىر قىزنى تاللىۋالغىن» دېدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئەمرىگە ئالدى. سابىت ئەنەسكە: «ئى ئەبۇ ھەمزە! رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ) ئۇنىڭغا قانداق تويلۇق ئالدى؟» دېگەن ئىدى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: (سەفىيەنىڭ) ئۆزىنى (يەنى ئازاد قىلىنغانلىقىنى) تويلۇق قىلدى» دېدى.

رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يولدا كېتىۋاتقاندا، ئۇممۇ سۇلەيىم سەفىيەنى تەييارلاپ، كېچىدە رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ گە تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يېڭى توي قىلغان يىگىت بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئاندىن ئۇ: «يېنىدا بىر نەرسە بار كىشى ئۇ نەرسىسىنى ئېلىپ كەلسۇن» دېدى ۋە تېرىنى داستىخان قىلىپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كىشى خورما ئېلىپ كەلسە، يەنە بىرى سارماي ئېلىپ كەلدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەسنى تالقاننىمۇ تىلغا ئالدىمىكىن دەيمەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ: شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەيس (ئۇماچقا ئوخشاپ كېتىدىغان تاماق) قىلدى. بۇ تاماق رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ توي تامىقى بولدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ توي تائامى ئۇماچ بولغان. ئەمما، بىزنىڭ توي تائاملىرىمىزچۇ؟ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تويىنى ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولالمىغانمۇ؟ بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ مەھىر ھەققى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشماقتا، توي مۇراسىملىرىمىز بارا - بارا ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلمەكتە.

ۋەتىنى يوق، قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرگەن، ۋەتەنىدىكى زۇلۇم ئاستىدىكى مەزلۇم خەلق، ۋەتەنگە كىرىپ ئۇلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىز ئۈچۈن توي مۇراسىملىرىنى چوڭ ئۆتكۈزۈش، ئىقتىسادى بولمىسا قەرز ئېلىپ قىلىش دۇرۇسمىدۇ؟

يىگىتلىرىمىز توي قىلىش ئۈچۈن قەرز ئېلىپ، قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن ياكى ئىقتىساد تېپىپ ئۆيلىنىش ئۈچۈن كۇفرىي دۆلەتلەرگە كېتىپ قالسا، غېرىب بولغان دىنىمىزنىڭ خىزمىتىنى كىم قىلىدۇ؟ ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەر يۈزىدە ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد ئىبادىتىنى كىم قىلىدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان جىھادىنىچۇ؟

ئاللاھ يولىدا ئىلگىرىلە، ئەي مۇجاھىد يىگىت! ھەرگىز چېكىنمە.

ئاللاھ يولىدا تىرىشقىن، بوشاڭلىق قىلما! ھەق يولىدا سابىت تۇر، تېيىلىپ كەتمە. ئەقىدەڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ ئەقىدىسىدە بولسۇن، بىدئەت ئەقىدىدىن ساقلانغىن.

ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن جۇشقۇن بولغىنكى، ھەرگىز چۈشكۈنلەشمە. ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە تۇرۇپ سېنىڭدىن كۆلۈپ كېتىدىغان ۋە سەندىن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تاقىتىڭنىڭ يېتىشىچە تىرىشقىن. ئاللاھ ساڭا (غېرىب بولغان ئىسلام دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن) بەرگەن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويما. ئاللاھ ئۈچۈن بارلىقىڭنى ئاتا، بېخىللىق قىلما. ئاللاھ ساڭا سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغان كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاللاھ يولىدا چىقارغىن. ئەي مۇجاھىد! سەن نېمە ئىش قىلما، پەقەت ئاللاھنىڭ رىزاسىنى كۆزلىگەن بولساڭ، مەرھەمەتلىك ئاللاھ ساڭا كۆپ ئەجىرلەرنى بېرىدۇ. ئاللاھ يولىدا چاچلىرىڭغا ۋە كىيىم - كېچەكلىرىڭگە قونغان چاڭ - توزانلارنى، ئاللاھ يولىدا لاي - پاتقاقلارنى كەچكەن قەدەملىرىڭنى بۇيۇك، كاتتا، ئەزىز سەلتەنەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

ئەي مۇجاھىد يىگىت! سەن ياشاش ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزىنى زېمىن ئۈستىدە ئالىي قىلىش ئۈچۈن، دەھشەتلىك زۇلۇملار ئاستىدا ئىڭراۋاتقان خەلقىڭنى مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەھشىيلەرچە

قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ھايات - ماماتلىق سەپىردە كېتىۋاتىسەن. باشقا مەقسەتتە ئەمەس! ئاللاھ سېنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىڭنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەربىر ئېغىز سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ھەمدە دىللاردىكى سىرلارنى بىلگەنلىكتىن، قەلبلەر بىلەن ھاياتقا نېمە ئەڭ ئۇيغۇن كەلسە، شۇنىڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ يولىدا ھاياتىڭنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە جىھاد قىلغىن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش تاتلىق جېنى ۋە قىممەتلىك مال - مۈلكىنى پىدا قىلىش دېمەكتۇر.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچقانداق بىر ئەمەل زايە كەتمەيدۇ. ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىمۇ، قايتۇرۇۋالغۇچىمۇ ئاللاھتۇر.

قېرىنداشلىرىڭغا سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىل. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ساھابىلىرىمۇ بىر - بىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. ئۇلار بىزنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىمىزدۇر، بىز ئۇچۇن مىسلى كۆرۈلمىگەن نەمۇنىلەردۇر.

ئەتراپىڭدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭغا كۆيۈنگىن، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئىللىق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە ئېرىشىسەن. ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن، قىلالمايدىغان ئىشنى ئالدىراپ سۆزلىمە، قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىسەن.

بۇ توغرىسىدا، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: {ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۇچۇن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىنتايىن ئېغىر غەزەپكە سەۋەب بولىدۇ} [سەپ سۈرىسى 2~3 - ئايەتلەر]

راستچىل - سەممىي بولغىن، بۇيۇك ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولىسەن. ئەگەر سەن مەسئۇل بولساڭ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن ئەشۇ ۋەزىنى ئېغىر بولغان ۋەزىپىنى ئاۋۋال ئاللاھ رازى بولغۇدەك، ئاندىن قالسا قول ئاستىڭدىكى مۇجاھىدلار مەمنۇن بولغۇدەك دەرىجىدە ئادىللىق بىلەن توغرا ھالەتتە ئېلىپ ماڭغىن. چۈنكى، سەن بىر پادىچى ھېسابلانغاچقا، پات يېقىندا پادىلىرىڭدىن ئاللاھقا ھېساب بېرىسەن.

ئەھلى - پەرزەنتلىرىڭگە مېھىر - مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك ئەر ۋە ئىززەتلىك دادا بولىسەن. بۇ توغرىسىدا ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئەھلىگە ياخشىلىق قىلغىنىڭلاردۇر، مەن ئەھلىمگە ياخشىلىق قىلىشتا سىلەرنىڭ ياخشىڭلارمەن.»

ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە گۈزەل مۇئامىلىدە بولغىن. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، ئۇلارغا خوجايىن بولغىنكى، ھەرگىز قۇلى بولۇپ قالمىغىن. بولمىسا ئاللاھقا ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ، ئاللاھ يولىدا پىداكار روھىڭ بىلەن جاپالىق ۋە مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرالماي قالىسەن.

كېچىلىرى ئىنسانلار شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇيقۇڭدىن ئويغىنىپ ئەڭ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك رەببىڭگە گۈزەل رەۋىشتە سەجدە قىلىش ئارقىلىق، تەھەججۇد نامىزىنى قولدىن بەرمىگىن. چۈنكى، كېچىلىك ناماز سېنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە سېنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە

مۇيەسسەر قىلىدۇ، سېنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. نەپلە نامازلارنى قولدىن بەرمىگىن.

رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ھەدىس قۇددۇستا، ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەندەم نەپلە ناماز ئارقىلىق داۋاملىق ماڭا يېقىنلىشىدۇ، ھەتتاكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن، ئەگەر ئۇ مەندىن سورىسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىمەن، ئەگەر ئۇ مەندىن پاناھلىق تىلىسە پاناھلىق بېرىمەن»

سەھەر ھەدىستە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئاللاھ تەئالا سېنى ياخشى كۆرسە، سېنى ئاسمان ئەھلى ۋە زېمىن ئەھلىلىرىگىمۇ ياخشى كۆرسىتىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ كېچىلىرى تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىلا؟ ئاللاھ سىلىنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغان تۇرسا» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «مەن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئى مۇجاھىد! ئاللاھ سېنى نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار ئىچىدىن غېرىب بولغان دىنىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە، شۇنداقلا ئەقىدە، ئىماندىن ھەرخىل ۋەھشىي زۇلۇملار بىلەن مەجبۇرىي قايتۇرۇلۇپ، ئىنسانىي ھوقۇقى پايمال

قىلىنغان خەلقىڭنى زالىم كاپىرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پات يېقىندا پۈتۈنلەي يوقايدىغان دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال - ماتالىرىغا بېرىلمەستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئاللاھقا بېرىلىپ، جەڭ بىلىملىرىنى قىزىقىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق مىلىڭ ۋە جېنىڭ بىلەن ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشقا تاللىدى. بۇ نېمە دېگەن كاتتا نېمەت، نېمە دېگەن كاتتا ئىززەت ھە!

ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولغىنىكى، ھەرگىز ناشۈكۈرلىق قىلمىغىن.

سېنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالماستىن ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ شەرئىي ۋە ئەسكىرىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىڭ، نەپلە ئىبادەتلەرنى قولدىن بەرمەسلىكىڭ، تىللىرىڭنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش، قەلبىڭنى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن مەشغۇل قىلىشىڭ، ئەمىر - قوماندانلارغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق رىباتتا تۇرۇپ، ئىسلام چېگرالىرىنى قوغدىشىڭ، ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە تۇرۇپ كۆلۈپ كېتىدىغان ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشۇڭ ... ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگىن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شېهىد ۋە ئەسىرنىڭ ئەھلى - پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە سەل قارىما. چۈنكى ئۇلار تەقۋا، ئاللاھقا ئۆزىنى ئاتىغان مۇھسىن بەندىلەرنىڭ ساڭا تاپشۇرغان ئامانىتىدۇر.

سەن ئامانەتنى زايە قىلىۋەتمەي ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇلارنى جاپا - مۇشەققەتتىن قوغداش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگىن. چۈنكى،

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان شاھادەت نېمىتىگە ئېرىشسەڭ، سېنىڭمۇ ئەھلى - پەرزەنتلىرىڭ قېرىنداشلىرىڭغا ئامانەت بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇنقىلارنىڭ بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزى بار، «قازانغا نېمە سالساڭ، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.» ئەگەر ئەھلى - پەرزەنتلىرىڭنىڭ سېنىڭدىن كېيىن ياخشى ياشىشىنى ئارزۇ قىلساڭ، ئىسلام گۈزەل ساۋاب ۋە كاتتا ئەجىرلەرگە ئېرىشىشنىڭ مەنبەلىرى قىلىپ بەرگەن تۇل ئايال ۋە يېتىملەرنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياردەم قىل.

ئى مۇجاھىد! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتە ساڭا بېرىدىغان مۇكاپاتلىرىغا قىزىقساڭ، تۇل ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېغىر - يەڭگىل ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، ئۇلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇش، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەرتۈرلۈك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا قىلىدىغان ھەرقانداق ئېھسانىنى بارلىق ياردەمگە موھتاج بولغانلارنىڭ ئالدىغا قويۇش، ئۇلارنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ توغرا ۋە ياخشى بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، سېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىڭدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، «تۇل ئاياللارغا ۋە مىسكىنلەرگە ياردەم قىلغان كىشى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تۇل ئاياللارغا ۋە مىسكىنلەرگە ياردەم بەرگەن كىشى «بوشىشىپ قالماي قىيامدا تۇرغان ۋە ئىپتار قىلماي روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش»

دېدىمكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەي مۇجاھىد! شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن. رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نىڭ ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغانلارنىڭ ئايال ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئاجايىپ ئۈلگىلىرى بار.

شېرىك ئەقىدە ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ مەڭگۈلۈك يۇرتى بولغان جەننەت نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن كەڭرى ھە ؟!

ئاللاھ تەئالا سۈرە زۇمەردە: {رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ - توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ.}

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شۇنداق دەيدۇ: «جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغانلار تولۇن ئاي سۈرىتىدە بولىدۇ. ئارقىسىدىن كىرگەنلەر ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزدەك نۇرلۇق بولۇپ كىرىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەر چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، مىشقىرمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، تاغاقلىرى ئالتۇندىن، بەدىنىدىن چىققان تەرلىرى ئىپار، بويسۇلغىلىرى سەندەل، ئاياللىرى

يوغان، ئاق، سۆزۈك بەدەنلىك خانىملاردۇر. ھەممىسىنىڭ ئەخلاقى بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىدەك بىر خىل، ياخشى بولىدۇ. ھەممىسى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىكى شەكلىدە بولىدۇ» دېدى.

ئەي ئەزىز مۇجاھىد! ئەگەر سەن ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك، سان - ساناقسىز مۇكاپاتىغا قىزىقساڭ، ۋاقتىڭنى زايە قىلىشۇەتمەي، ئۇنى ئاللاھ تەئالا رازى بولىدىغان، ئاندىن قالسا ئۆزۈڭمۇ ئۆكۈنمەستىن، پۇشايمان قىلماستىن، مەمنۇن بولىدىغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگىن.

شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، سېنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ.

سەن ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەر يۈزىدە ئالىي قىلىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن تىرىشىۋاتقان ئاللاھنىڭ جەڭچىسىسەن. سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان، سەن ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز (ئاللاھنىڭ ئىلھام قىلىشى بىلەن) ئەڭ گۈزەل دۇئالارنى قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭ بار. شۇڭا جاپا - مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغىنىڭدا، بوشىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ قالما، غەيرەتلىك، جاسارەتلىك، چىدامچان، سەبىرچان بولغىن. سېنى سەن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئەڭ گۈزەل ھايات كۈتۈپ تۇرماقتا، ئىنشائاللاھ.

پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن ئاتىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ھېيتىغا مۇبارەك بولسۇن

ۋاقىت نېمە دېگەن تېز ئۆتكەن ھە...؟ ھايت - ھۇيت دېگىچە ئاللاھ تەئالا پۈتكۈل زېمىن ئۈستىدىكى مۇسۇلمانلارغا كاتتا نېمەت قىلىپ بەرگەن 2024 - يىللىق قۇربان ھېيتمۇ كېلىپ قاپتۇ.

ئەتراپىمدىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ مۇبارەك ھېيتقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ھېيتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. قۇربان ھېيت مۇسۇلمانلار ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى ۋە تەقۋالىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ھەدىيەسىنى قۇربانلىق قىلىدىغان مۇبارەك ھېيتتۇر.

شۇنداقلا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرەك پارىسى بولغان ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا تەييارلىغانلىقىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇراسىم بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلار شۇ قۇتلۇق كۈننى تەبرىكلەش ئۈچۈن مۇبارەك زېمىن مەككىگە بېرىپ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىدىغان كۈندۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام رەببىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن ئايالى ھاجەر بىلەن جىگەر پارىسى بولغان ئوغلى ئىسمائىلنى دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ، سۇ ۋە ھېچقانداق ئادىمزات بولمىغان مەككە زېمىنىغا

ئاپىرىپ قويۇپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ ئايالى هاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشكەندى.

ئىسمائىل كىچىك بولغاچقا يۈگۈرۈپ ئوينايتتى، ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن سىرتلارغا بىللە چىقاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئالدىدا سەكرەپ ئويناۋاتقان ئوماق ئوغلىغا قاراپ قەلبى راھەتلىنەتتى ۋە خۇرسەن بولاتتى. نېمىشقا خۇرسەن بولمىسۇن؟ چۈنكى، ئۇ 90 ياشقا كىرگەندە ئاللاھ مەرھەمەت قىلىپ بەرگەن بىر تاللا ئوغلى تۇرسا؟ ئىنسانغا بۇنداق ياشقا كىرگەندە كۆرگەن پەرزەنتى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاپ چۈش كۆردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام راستچىل پەيغەمبەر بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشمۇ راست ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دوستى بولغاچقا، ئاللاھ تەئالا چۈشىدە ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ئىشنى قىلماقچى بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلغا {ئى ئوغلۇم، مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا «ئەمر قىلىنىپ» چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا، سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟} دېدى. ئۇ ئېيتتى: {ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولسىڭىز، شۇنى ئىجرا قىلىڭ! ئاللاھ خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەبىر قىلغۇچى تاپىسىز} دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل بىلەن پىچاقنى ئېلىپ، مىناغا يېتىپ بارغاندا ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولدى. ئاتا - بالا ئىككىسى

مناغا يېتىپ كەلگەندە، ئىسمائىل دادىسىغا ئىتائەت قىلىپ يەردە ياتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يۈرەك پارىسى، قەلبىنىڭ خۇشاللىقى ۋە راھىتى بولغان ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولدى. ئاللاھ تەئالا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلامدۇ، قىلمامدۇ؟ ئاللاھنى بەكرەك ياخشى كۆرەمدۇ ياكى ئوغلىنى بەكرەك ياخشى كۆرەمدۇ؟ شۇنى كۆرمەكچى ئىدى. ئاتا - بالا ئىككىسى ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتتى. ئاللاھ تەئالا جەننەتتىن بىر قوچقارنى چىقىرىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋەتتى. ئاللاھ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى شۇ قوچقارنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇدى.

ئاللاھ تەئالا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بىلەن قىلغان پىداكارانە ئەمەلىنى ياخشى كۆرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى قۇربان ھېيتتا مال بوغۇزلاشقا بۇيرۇدى.

ئىنسانلار ئىچىدە ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ بۇيرۇقىنى مال بوغۇزلاشلا دەپ چۈشەنمەستىن، بەلكى ئىخلاس بىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى بولغان بىر تاللا ئوغلى ئىسمائىلنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەييارلىق قىلغاندەك، ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەستىن، زالىم خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ قالماستىن، يالغۇز قېلىشلىرىغا قارىماستىن، جاپا - مۇشەققەتكە بوي سۇنماستىن، زۇلۇمدىن، خارلىقتىن ۋە كاپىرلارغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە يولىنىڭ قولغا قورال ئېلىپ،

زالىم كاپىرلارغا قارشى جىهاد قىلىش ئىكەنلىكىنى قەلبلىرىدىن چۈشىنىپ يەتكەن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىلىرى بولغان ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىنى ئاللاھقا ئاتاپ، جىهاد ئىبادىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئاللاھ تەئالا ئەزىز كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەج سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: {ئاللاھقا ئۇلارنىڭ قانلىرى ۋە گۆشلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر}

ئاشۇ ئەزىز ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىنتايىن گۈزەل ھالەتتە ئىپادىلەپ، ئاللاھ تەئالاغا بولغان سەممىي تەقۋالىقى ئارقىلىق دۇنيا - ئاخىرەتتە نىجادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان. چۈنكى، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرەكنى زىلزىلىگە سالىدىغان تەسىرلىك قىسسىسىدىن ئەمەلىي ئۆرنەك ئالغان بولۇپ، بۇ ئەمەلنىڭ ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

ئاشۇ ئەزىز ئاتا - ئانىلار ئاللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى گۈزەل رەۋىشتە ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ ئىشلەپ تاپقان بارلىق ئىقتىسادلىرى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنى ئاللاھقا پىدا قىلىش ئۈچۈن يولغا سالغان. ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كاپىرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەھدىت ئاستىغا ئېلىنىپ، جېنى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىغا قەست قىلىنىپ ئاستىرتتىن ھۇجۇم قىلىنىۋاتقانلىقى، جىهادسىز ۋە قورالسىز،كاپىرلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان دىنى، جېنى، يۈز - ئابرۇيى، ئەقلى ۋە تالان - تاراج قىلىنغان

ماللىرىنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى جەڭ بىلىملىرىنى ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى جەڭ قىلىپ، قولدىن كەتكەن ئانا ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئارقىلىق، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىدە چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەسىر قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىنى ئىززەت ماكانلىرىغا ئەۋەتكەن ئەزىز ئاتا - ئانىلار! قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئاشكارا - يوشۇرۇن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى مېھرىبان ئاللاھ سىلەرنىڭ بەزلىرىڭلارنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ھەدىيەلىرىڭلارنى ئىنشائاللاھ قوبۇل قىلدى، يەنە بەزلىرىڭلارنىڭ ھەدىيەلىرى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ سىلەر ئارزۇ قىلغان ھالەتتە قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئاللاھ تەئالا سۈرە تەۋبەنىڭ 88 ~ 89 ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: {لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيادىكى) ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر (88) ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر (89)}

خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ئەي ئەزىز، قەدىردان ئاتا - ئانىلار! سىلەرنىڭ رەببىڭلارنىڭ دوستلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىقىڭلارنى ئىنشائاللاھ، ئاللاھ ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ. سىلەرنىڭ

ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ھەدىيەڭلار ئاۋۋال ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئاندىن قالسا سىلەرنىڭ ئۈلاردىن كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دەھشەتلىك كۈن بولغان قىيامەت كۈنىدە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىدا، سىلەرگە ئاللاھنىڭ جەننەتنىڭ تاجلىرىنى كىيدۈرۈشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئىمانى كۈچى ئارقىلىق يېڭىپ، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال - ماتالىرىغا بېرىلمەستىن، ۋايىسماستىن، چۈشكۈنلەشمەستىن ئىززەت ماكانلىرىدا سابىت تۇرۇپ، سەييىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك: «مۇئمىنلەر ئاللاھ تەئالا ئىرادە قىلغان مۇنۇ ھەقىقەتنى {تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەنگە ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار} ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى بىلەن ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىلاھىي مەپكۇرىسىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تەئالانىڭ چەكسىز كۈچىگە تايىنىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تەئالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئالەمشۇمۇل كۈچىگە تايىنىدۇ.» ئاللاھنى رازى قىلىش يولىدا پىداكرانە روھى بىلەن ئەڭ مۇشكۈل سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. سىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ھەدىيەلىرىڭلار ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەڭ زور كۈچىگە تايىنىپ، ئاللاھنىڭ بايرىقىنى كۆكتە لەرزان لەپىلدىتىش ئۈچۈن ئۆز قابىلىيەتلىرى ۋە تالانتلىرىغا يارىشا، ھەرقايسى ساھەلەردە تىرىشچانلىقىنى نامايەندە قىلماقتا.

ئې ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەزىز ئاتىلار!

ئې خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەمشىرىلىرى بولغان ئەزىز ئانىلار!

ياراتقۇچىلار، بىردىنبىر خوجايىنىمىزلار، ھەقىقىي ياردەمچىلار بولغان ئاللاھ تەئالاغا يۆلىنىپ، دۇئالىرىڭلاردا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىدىكى مۇجاھىد ئوغلانلىرىڭلارنىڭ گۈزەل ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا دەسسەپ خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى جەڭ قىلىپ، كاپىرلارنى يەر چىشلىتىپ، خار ھالەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياد ئېتىڭلار، ھەرگىز مەيۈسلەنمەڭلار!

يېگانە رەببىڭلاردىن سالاھىدىن ئەييۇبىنىڭ دادىسى نەجمىدىن ئەييۇبىغا ئوخشاش پەرزەنتلىرىنى جىھاد تەلىماتلىرى بىلەن تەربىيەلەپ چىقىدىغان ئاتىلارنى ۋە سالاھىدىن ئەييۇبىغا ئوخشاش مۇجاھىد قوماندانلىرىدىن كۆپلەپ چىقىرىپ بېرىشىنى يالۋۇرۇپ سوراڭلار. چۈنكى، مۇئمىنلەرنىڭ يېگانە دوستى ئاللاھ تەئالادۇر.